ISSN1004—3829

# ميراس



MIRAS

3

1994

پلىغوچى: ھەسەن

ISSN 1004-3829

09>



تامغا قونغان قۇياش



تۆگە ئويۇنى

ئوسمان ئىسمايىل

فوتوسى



قەدىمي شەھەر

ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

# مىراس

(پەسىللىك ژۇرنال)
1994-يىل
3-سان
ھەر پەسىلنىڭ ئوتتۇرا ئېيىنىڭ
20-كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ
(ئومۇمىي 33-سان)

## مۇندەرىجە

### يۇرۇننىڭ يۇرۇنىسىدا

قىرىماس ياشلىق .............................. توپلىغۇچى: ھېمىت سوپى (1)
كىيىك خانىش .............................. توپلىغۇچى: ياسىن زىلال (38)
زاكمايدان .............................. توپلىغۇچى: ئا. راخمان، ق. ئىسمايىل (66)
مۇنۇكۇم تاز .............................. توپلىغۇچى: مەمتىمىن قۇربان (79)

### ئايدىڭ كېچىلەر

ئاي بېشىدا ئاھ ئۇرسام ..............توپلىغۇچى: م. راشىدىن قاتارلىقلار (8)
تولغىنىپ كوچاڭغا كىردىم .............. توپلىغۇچى: غاپپار ئەخمەت (62)
زىلۋا سەنەم ..............توپلىغۇچى: بەكرى ئىسمايىل (92)

### ئاتىلار سۆزى

تاتار خەلق ماقال-تەمسىللىرى .............. توپلىغۇچى: مالىك (68)

### بىلىنىزسىز دەرەخ بولماس

كەپتەر بىلەن قاغا توغرىسىدا رىۋايەت .......... توپلىغۇچى: ھەسەن سالى (7)

ئالتۇنتاغ ھەققىدە رىۋايەت ..................... توپلىغۇچى: ئابدۇرىشىت راخمان (36)
ئاتۇش ھەققىدە رىۋايەت ........................ توپلىغۇچى: ئىلى ئەمەت (89)

## كۆڭۈلگە جان ئوزۇقى

تۆت سەرلىك چاپانغا بەش سەرلىك ياقا ........... توپلىغۇچى: روزى سايىت (10)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئىلى مەشرەپلىرى ھەققىدە ......................... مېھراي ئابدىلىم (15)
ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئىقتىساد-مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك
ئاساسى ........................................ لى يۇلۇڭ (69)

## ئادەم قولاقتىن سەمىرەر

دۇنيا فولكلورى ۋە بىز ........................ ئابدۇكېرىم راخمان (50)
1988 — 1993 - يىللىرىدىكى جۇڭگو فولكلورى...دۇڭ شياۋپىڭ (مېھراي ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى) (55)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ
2-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتلەر 4-قېتىملىق يىغىنى ئۇرۇمچىدە ئېچىلدى.........(93)

## يول ماڭسا ئىز قالار

مەۋلانە لۇتفى...................مەرە تلىگۈچى: ئا. راخمان (90)

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن زىلال
مەسئۇل مۇھەررىر: يۈسۈپ ئىسھاق
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى
مەمتىمىن يۈسۈپ (تەتقىقاتچى)، قەييۇم تۇردى (بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى)، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (تەتقىقاتچى)، ئىبراھىم مۇتئى (تەتقىقاتچى)، ئىمىن تۇرسۇن (ئالىي مۇھەررىر)، شەرىپىدىن ئۆمەر (پروفېسسور)، ئابلىمىت سادىق (ئالىي مۇھەررىر)، ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)، قادىر ئەكبەر (تەتقىقاتچى)، مەتروزى تۇرسۇن (بىرىنچى دەرىجىلىك كومپوزىتور)، ياسىن زىلال (مۇھەررىر)، راھىلە داۋۇت (ماگىستىر)

# قېرىماس ياشلىق

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىرلا خانىشى بولۇپ، بۇ ئىككىلىسى ياش ھەم چىرايلىق ئىكەن. ئۇلار توي قىلىپ بىر نەچچە يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن، بىرەر پەرزەنت كۆرەلمەپتۇ. نۇرغۇن چارە-ئاماللارنى قىلىپ بېقىپتۇ، لېكىن ھېچبىر پايدىسى بولماپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى پادىشاھ يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە بىر پالچى بوۋاينىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، پالچىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. پالچى:

— كىمنىڭ ئىشى بولسا شۇ ئۆزى كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ خانىشنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنى ئېلىپ پالچى بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بوۋاي پادىشاھنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئېلىپتۇ ۋە:

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، سىز نېمە ۋەجىدىن مېنىڭ مۇساپىر كەپەمگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز، قانداق ئارزۇ-ئارمانلىرىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم پەرزەنت كۆرۈشۈم ئۈچۈن، خاسىيەتلىك دورىلىرىڭ بولسا، مەن شۇنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— مەندە خاسىيەتلىك دورا بار، بۇ دورا سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزىدۇ، سىز ئوغۇل پەرزەنت كۆرىسىز. لېكىن، ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پالچى. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ نېمىلا بولمىسۇن پەرزەنت كۆردى-كەنمەن، دەپ دورىنى ئېلىپ، خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ئۆز دەرگاھىغا قايتىپتۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ خانىشى ھامىلدار بولۇپتۇ، پۈتۈن ئوردا خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. لېكىن، بۇ خۇشاللىقمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇ. خانىشنىڭ قورسىقىدىكى بالا كېچە-كۈندۈز يىغلاپ، خانىشنى بىئارام قىلغىلى تۇرۇپتۇ. قانداقلا قىلسىمۇ، بۇ بالىنىڭ يىغىسىنى توختىتالماپتۇ. خانىشنىڭ ئاي-كۈنى ئاللىقاچان توشقان بولسىمۇ، بالا يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ قورسىقىدىن چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ قايغۇغا چۆمۈپ:

— مېنىڭ جان-جىگەر قوزام، يىغلىما، سەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، مەن ساڭا بارلىق دۇنيايىمنى ئاتا قىلىپ، يىراق-يېقىندىكى شەھەرلەرگە پادىشاھ قىلاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بالا توختىماي يىغلاۋېرىپتۇ. پادىشاھ ئەڭ ئاخىرىدا، — يىغلىما ئەزىزىم، مەن ساڭا قېرىماس ياشلىق، ئۆلمەس ھايات ئاتا قىلاي، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بالا ساق-سالامەت تۇغۇلۇپتۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پادىشاھ

پۈتۈن يۇرت خەلقىگە قىرىق كېچە-كۈندۈز ئاش-تاماق تارتىپ، توي-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بۇ بالا ئەقىللىق، زېرەك، باتۇر بولۇپ ئۆسۈپتۇ ۋە مەكتەپكە كىرىپتۇ. باشقا بالىلار بىر يىلدا ئوقۇيدىغان دەرسنى بۇ بالا بىر ئايدىلا ئۆگىنىپ بولىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ، پۈتۈن خەلقى-ئالەم ئالدىدا ماختىنىپ يۈرۈپتۇ. لېكىن، بۇمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇ. بالا بارا-بارا كەم سۆز بولۇپ قاپتۇ ۋە نېمىدۇر بىر نەرسىدىن ئازابلىنىپ يۈرۈپتۇ. پادىشاھ شاھزادىسىنىڭ 15 ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرلەپ ئوردىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەت تازا قىزىۋاتقاندا بۇ بالا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئاتا، سىز مەن تۇغۇلۇش ئالدىدا قىلغان ۋەدىڭىزگە ئەمەل قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى، — دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئالاقزادە بولغان پادىشاھ نېمە قىلىشنى بىلمەي:

— بالام، مەن پەقەت سېنىڭ ئامان-ئېسەن تۇغۇلۇشىڭنى كۆزلەپ شۇنداق دېگەن ئىدىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا مەن شۇ نەرسىنى تاپقانغا قەدەر پۈتۈن ئىقلىمنى كېزىپ چىقىشنى قارار قىلدىم، — دەپتۇ شاھزادە. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋە بارلىق ئەمەلدارلار شاھزادە ئالدىدا پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ پەيلىدىن يېنىشىنى، ئوردىدىن كەتمەسلىكىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادىنىڭ ئانىسىمۇ نەسىھەت قىلىپ، دادىسىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى، دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇشىنى، مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ گۈزەل قىزلاردىن تاللاپ ئۆيلىنىشىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، بارلىق نەسىھەتلەرنىڭ ھەممىسى شاھزادىنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرالماپتۇ. ئۆز ئوغلىنىڭ نىيىتىدىن يانمىغانلىقىنى كۆرگەن پادىشاھ ئاخىرى ئوغلىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپتۇ.

شاھزادە سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىغا كىرىپ، ئەڭ چىرايلىق، يۈگۈرۈك ئاتتىن بىرنى تاللاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئات ھەر قانچە قىلسىمۇ، شاھزادىنى يېقىن يولاتماپتۇ. باشقا ئاتلارمۇ شاھزادىنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. ئاخىرىدا شاھزادە ئاتخانىدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ كۆزى ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ھەم ئورۇق، ھەم يېغىر بېسىپ كەتكەن ئاتقا چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئاتنى تۇتۇپ، دۈمبىسىنى سىيلىغان ئىكەن، ئات شۇ زامات زۇۋانغا كېلىپ:

— ھەي، ئىگەم، ماڭا نېمە ھاجىتىڭ چۈشتى؟ خۇداغا شۈكرى، مېنى لازىم تاپقان بولساڭ مەن خىزمىتىڭگە تەييار، كۆزلىگەن مەقسىتىڭگە يېتىش ئۈچۈن، سەن ئالدى بىلەن ئاتاڭدىن ياش ۋاقتىدا كىيگەن كىيىمىنى، ئاسقان قىلىچىنى، ئوقيا ۋە قالقانلىرىنى سوراپ ئالغىن. مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن سۈتكە بۇغداينى قوشۇپ بوغۇز تەييارلاپ، ئالتە ھەپتە باققىن، — دەپتۇ.

شاھزادە ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە، ئاتىسىدىن بۇ نەرسىلەرنى سوراپتۇ. ئاتىسى ئوغلى سورىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىر قىلىشقا بۇيرۇپتۇ. شاھزادە بارلىق ساندۇقلارنى ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئاختۇرۇپ، ئاخىرى بىر كونا ساندۇق ئىچىدىن ئاتىسىنىڭ ياش ۋاقتىدا كىيگەن كىيىم-كېچەك، ئىشلەتكەن قورال-ياراقلىرىنى تېپىپتۇ. بۇ قوراللار ئاللىقاچان داتلىشىپ كەتكەن ئىكەن.

شاھزادە قوراللارنى سۈرتۈپ تازىلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئاتنى ئالتە ھەپتە

راسا يېقىپتۇ. ئاتنىڭ بارلىق يېغىرى ساقىيىپ، سەمرىپ، چىرايلىقلىشىپ، قانات چىقىرىپ ئۇچار ئاتقا ئايلىنىپتۇ. سەپەرنىڭمۇ بارلىق تەييارلىقلىرى پۈتۈپتۇ. شاھزادە ئاتقا، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە شاھزادە قىلىچ، ئوقيالارنى ئېسىپ، ئۇچار ئاتقا مىنىپ يولغا ھازىرلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئوردىدىكى پادىشاھ، خانىش، ۋەزىرلەردىن تارتىپ بارلىق ئەمەلدار ۋە ئاددىي خەلقلەرگىچە شاھزادىنىڭ بۇ سەپەردىن ۋاز كېچىشىنى سوراپتۇ. بىراق، شاھزادە ھەممىنى رەت قىلىپ، 200 لەشكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەرنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ماڭە-ماڭە بىر چۆلگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ بارلىق تەئەللۇقاتىنى ھېلىقى 200 لەشكەرگە ئۆلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنى پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇپ، ئات بىلەن يالغۇز يولغا راۋان بوپتۇ. ئۈچ كېچە-كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن بىر جاڭگالغا كېلىپ قونالغۇ قىلىپتۇ. ئەتراپ تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، دۆۋە-دۆۋە ئادەم ئۇستىخىنىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتۇ. بۇ چاغدا ئات شاھزادىگە:

— ئىگەم، بىلىۋاتامسىز، بىز قورقۇنچلۇق ئالۋاستى دۆلىتىگە كېلىپ قالدۇق. بۇ ئىنتايىن يامان مەخلۇق. كىمدە كىم ئۇنىڭ دۆلىتىگە قەدەم باسسا، دەرھال ئۆلتۈرىدۇ. ئەسلىدە ئۇ بىر ئايال ئىدى، ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاچقا ئاتا-ئانىسى ئۇنى قارغاپ تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇ ھازىر بالىلىرى بىلەن ئوينىۋاتىدۇ، ئەتە سەھەردە سىز ئۇنى ئۇچرىتىسىز. ئۇ ناھايىتىمۇ چوڭ بىر مەخلۇق. لېكىن، ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ قورقۇپ كەتمەڭ. ئوقيالىرىڭىزنى تەييارلاپ قويۇڭ، قىلىچ ۋە قالقانلىرىڭىزمۇ سىز بىلەن بىللە بولسۇن، — دەپتۇ ۋە ئىككىسى نۆۋەت بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى قۇياش ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن چاغدا، شاھزادە ئورنىدىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر نەرسىنىڭ دەرەخ چوقىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئات:

— تەييارلىنىڭ، ئىگەم، تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ ئالدى تەرىپىدە قارا بورانلار چىقىپ، دەرەخلەر سۇنۇپ، ئالەم ئاستىن-ئۈستىن بولغاندەك بوپتۇ، شۇ ھالەتتە تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. شاھزادە تەمتىرىمەستىن، ئوقيانى بەتلەپ تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستىغا ئاتقان ئىكەن، ئالۋاستىنىڭ بىر پۇتى بەدىنىدىن ئاجراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى شاھزادىگە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— مېنى كەچۈر شاھزادە، مەن ساڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، — دەپتۇ. شاھزادە ئىشەنمىگەن ئىكەن، ئالۋاستى ئۆز قېنى بىلەن شاھزادىگە قەسەم بېرىپتۇ.

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن شاھزادە، — دەپتۇ ئۇ يەنە شاھزادىگە قايىل بولۇپ، — ھازىر سەن مېنى يەڭدىڭ، ھازىرغىچە مېنىڭ دۆلىتىمگە قەدەم باسقانلار ئۆز جانلىرىغا زامىن بولغانىدى. ئەنە قاراپ باققىن، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرى ھازىرغىچە تۇرۇپتۇ.

تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىنى ئۆز دەرگاھىدا كاتتا مېھمان قىپتۇ. زىياپەت تازا قىزىۋاتقان ۋاقىتتا تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىگە يالۋۇرۇپ ئاجراپ

كەتكەن پۇتىنى قايتۇرۇپ بېرىشىنى سوراپتۇ. شاھزادە ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ھېلىقى پۇتىنى ئۆز جايىغا تىكىپ ساقايتىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشاللانغان تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستى ئۈچ كېچە-كۈندۈز زىياپەت قىلىپ شاھزادىنى باشقىدىن مېھمان قىپتۇ ۋە ھۆر قىزلار ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ شاھزادىگە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بىراق، شاھزادە بۇنىڭغا ئۇنىماپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇرادى نېمىنى ئىزدەپ بۇ جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بولۇپ، خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. شاھزادە ماڭە-ماڭە يەتتە كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن، چايانلار مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ، تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستىنىڭ سىڭلىسىنىڭ مەملىكىتى ئىكەن. ئەسلىدە بۇ چايانمۇ تۆمۈر تۇمشۇق ئالۋاستىغا ئوخشاش سەۋەب بىلەن چايان قىياپىتىدىكى بىر چوڭ مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بۇ چاغدا شاھزادە يەنە ئېتىدىن قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. ئات:

— بۇ چايانغا ئايلانغان دىۋىنىڭ ئەپتى ئاچىسىدىنمۇ يامان. ئۇ ئاچىسى بىلەن دۇنيا تالىشىپ داۋاملىق ئۇرۇشۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ زەھرى قايناپ تاشقاندا ھەممە جانلىقنى چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ بېشى بار. ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق بولۇش كېرەك، بولمىسا ھالاك بولىمىز، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، جەڭگە ھازىر بوپتۇ. بۇ چاغدا ئاسمان-زېمىن گۈلدۈرلەپ ئۈچ باشلىق چايان دەھشەت بىلەن كېلىۋاتقۇدەك. شاھزادە چايان بىلەن ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئېلىشىپ چاياننىڭ بىر بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. چايان يېڭىلگەنلىكىگە تەن بەرمەي، ئۆز قېنى بىلەن شاھزادىگە قەسەم قىپتۇ ۋە شاھزادىنى يەتتە كېچە-كۈندۈز مېھمان قىلىپ، كەچۈرۈم سوراپتۇ. شاھزادە جاۋابەن ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشىنى ئۆز جايىغا تىكىپ ساقايتىپ قويۇپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، بىر جايغا كەپتۇ. بۇ جاي شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراپ، سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىكەن، گۈللەرنىڭ ئېسىل پۇراقلىرى دىماقلارغا ئۇرۇلۇپ ئادەمنى مەست قىلىدىكەن. شاھزادە بۇ جايدا بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئات ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ئىگەم، بىز ناھايىتى تەسلىكتە بۇ جايغا كەلدۇق، ئالدىمىزدا يەنە بىر خەتەرلىك ئورمان بار. ئۇ يەردە ئەڭ ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلار بار. ئورماندىن ئۆتسەكلا بىر ئوردا بار. شۇ ئوردىدا قېرىماس ياشلىق، ئۆلمەس ھايات ساقلىنىدۇ. بىز ئورماننىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتىمىز. ئۇچقان ۋاقتىمدا يايلىمغا چىڭ ئېسىلىڭ، ئىككى پۇتىڭىزنى بەدىنىمگە چىڭ بېسىڭ، بۇنداق بولمىغاندا ئۇچۇش سۈرئىتىمگە تەسىر يېتىدۇ، — دەپتۇ-دە، ئۇچۇشقا باشلاپتۇ.

ئۇلار بارغانسېرى ئېگىز ئۆرلەپ ئۇچۇپتۇ، ئاستىدا ھەشەمەتلىك ئوردا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئەمدىلا ئوردىنىڭ بىر پاناھلانغۇدەك جايىنى كۆزلەپ چۈشەي دېگۈچە ئاتنىڭ بىر پۇتى دەرەخ شاخلىرىغا تېگىپ كېتىپ، پۈتۈن ئورمانلىق سىلكىنىپ كېتىپتۇ. بۇنى تۇيۇپ قالغان دەھشەتلىك ياۋايى ھايۋانلار تەرەپ-تەرەپتىن ۋارقىراپ-جارقىراپ جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا ئوردىدىكى بىر ساھىبجامال قىز غايىبتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۆرۈپ بەك خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇلارنى

ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى بۇ قىز ئاكى ھازىرغىچە بىرەر ئادەمزاتنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. ئۇ ھايۋانلارغا بۇيرۇق بېرىپ ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ قىز خۇددى پەرىزاتتەكلا چىرايلىق ئىكەن.

— كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن شاھزادە، بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ ساھىبجامال قىز.

— قېرىماس ياشلىق، ئۆلمەس ھاياتنى ئىزلەپ كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

— سىز ئىزدىگەن نەرسە بۇ يەردە بار، — دەپتۇ ۋە ئوردىغا باشلاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە يەنە بىر-بىرىدىن گۈزەل ئىككى قىز تۇرغىدەك، ئۇلار ھېلىقى قىزنىڭ ئاچىلىرى ئىكەن. قىزلار بۇ ئادىمىزات ماكانىدىن كەلگەن كىشىنى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇشۇپتۇ ۋە كاتتا زىياپەتلەر تەييارلاپ، ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ. زىياپەتتە ئىشلەتكەن تاماق قاچىلىرىدىن تارتىپ چوكىلىرىغىچە ھەممىسى ئالتۇن ئىكەن. ئاتمۇ ياخشى كۈتۈلۈپتۇ. ئۇنىڭ بەھۇزۇر يايلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىلىپتۇ ۋە شاھزادىنى ئورماندىكى بارلىق ياۋايى ھايۋانلارغا تونۇشتۇرۇپتۇ.

قىزلار شاھزادىنىڭ قامەتلىك، كېلىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى بۇيەردە ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندەپتۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ يالغۇزلۇقتىن زېرىككەن ئىكەن. قىزلارنىڭ بۇ گېپى شاھزادىگە يېقىپتۇ-دە، قېلىشقا ماقۇل بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ شاھزادىمۇ قىزلار بىلەن خېلى چىقىشىپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى بىر-بىرلەپ ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزلار ئۇنىڭغا ناھايىتى قايىل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شاھزادىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ھەم ئەڭ چىرايلىقى بىلەن توي قىپتۇ. تويدىن كېيىن قىزلار يىگىتنىڭ بۇ يەردىكى خالىغان جايغا بېرىپ ساياھەت قىلسا بولىدىغانلىقىنى، لېكىن بىرلا جايغا بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇ جاي «ھالاكەت ئازگىلى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرگە بارسا ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى تاپىلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت تۇرغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي خېلى ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپتۇ. ۋاقىت ئۆزارسىمۇ، يېگى كەلگەن ۋاقتىدىكىدەك ياپياش تۇرۇپتۇ.

ئوردىدىكى خىلمۇخىل گۈللەر، جانغا ھوزۇر بېغىشلايدىغان ساپ ھاۋا ئۇنىڭ قەلبىنى يايرىتىپ، ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىپتۇ. ئۇ دائىم دېگۈدەك ئوۋ ئوۋلايدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ بىر توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، بىر نەچچە قېتىم ئوق ئاتسىمۇ ئۇنىڭغا تەگكۈزەلمەپتۇ. ئاخىرى غەزەپ بىلەن يەنە بىر تال ئوق ئاتقان ئىكەن، توشقانغا تېگىپتۇ. لېكىن، توشقان ئۆلمەي قېچىپ كېتىپتۇ. شاھزادە توشقاننى قوغلا-قوغلا ھېلىقى ھالاكەت ئازگىلىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ توشقاننى ئېلىپ ئوردىغا قايتىش سەپىرىدە، تۇساتتىنلا ئاتا-ئانىسىنى ئويلاپ قاپتۇ ۋە روھى چۈشكۈن ھالدا ئۆيىگە كەپتۇ. خوتۇنى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىسىمۇ دېگىلى ئۇنىماپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ مەيۈسلەنگەن قىياپىتىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ قاپتۇ:

— ھەي بەختسىز شاھزادە، سىز چوقۇم ھالاكەت ئازگىلىدىن ئۆتۈپسىز، — دەپتۇ خوتۇنى تولىمۇ ئېچ ئاغرىتقان ھالدا.

— مەن ھەرگىزمۇ قەستەن ئۇ يەرگە بارمىدىم، مەن ھازىر ئاتا-ئانامنى ئىنتايىن سېغىنىۋاتىمەن. لېكىن، سېنىڭدىنمۇ ئايرىلغۇم يوق. مەن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان سەن بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ، قىلچىمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمىغان ئىدىم. مەن بېرىپ ئاتا-ئانامنى بىر كۆرۈپلا قايتىمەن، كېيىن زادىلا بۇ يەردىن كەتمەيمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— بۇ يەردىن كەتمەڭ، سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىز نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگىگەندى. ئەگەر ئۇ يەرگە بارسىڭىز سىزمۇ ئۆلۈپ تۈگەيسىز، — دەپتۇ خوتۇنى.

ئوردىدىكى قىزلار ۋە ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئېتىنىڭ بارلىق نەسىھەتلىرى شاھزادىنى ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈش مەقسىتىدىن زادىلا قايتۇرالماپتۇ، ئاخىرىدا ئات ئۇنىڭغا:

— ئىگەم، ئەگەر سىز مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي چوقۇم قايتىمەن دېسىڭىز، مېنىڭ شەرتىم بار، سىز شۇنى ئادا قىلسىڭىز ئاپىراي، — دەپتۇ.

— ئادا قىلىمەن، قېنى شەرتىڭىزنى سۆزلە، — دەپتۇ شاھزادە.

— سىز ئاتا-ئانىڭىزنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن بىر كۆرۈپلا قايتىسىز، ئەگەر بىر سائەتتىن ئۇشۇق تۇرۇپ قالسىڭىز مەن سىزنى قالدۇرۇپ، ئۆزۈم قايتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە.

شۇنىڭ بىلەن شاھزادە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ئوردىدىكى قىزلار بىلەن بىر-بىرلەپ خوشلىشىپتۇ. خوتۇنى يىغا-زارە قىلىپ ئۇزىتىپ قاپتۇ.

ئۇ ماڭە-ماڭە چايان دۆۋىنىڭ مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق، بۇرۇنقى ئوردىنىڭ ئورنىغا ھەشەمەتلىك يېڭى ئىمارەتلەر پەيدا بولۇپ، بۇ يەردىكى ئورمانلىقمۇ ياپيېشىل تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ، بۇ يەردىكى بەزى بىر كىشىلەردىن ئىلگىرىكى چايان دۆۋىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىغان ئىكەن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن شۇنداق بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ.

بۇ ئاجايىپ گەپقۇ، دەپ ئويلاپتۇ شاھزادە ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇن بۇ يەردىن ئۆتكەندىكى ئەھۋاللارنى شۇ يەردىكى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغانلار:

— بۇ نېمە دەۋاتىدۇ، كۈپكۈندۈزدە ئالجىپ يۈرۈيدىغۇ؟ — دەپ مەسخىرە قىپتۇ. ھېچنىمىنى چۈشەنمىگەن شاھزادە ئەتراپنى ئايلىنىپ كۆرۈپ بېقىپتۇ، لېكىن، ئۆزىنىڭ ساقال-بۇرۇتى ئۆسۈپ چاچلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى قىلچىمۇ ھېس قىلماپتۇ.

ئۇ، ئۇ يەردىن چىقىپ تۆمۈر تومشۇق ئالۋاستىلار مەملىكىتىگە كەلگەن ئىكەن، بۇ يەردىمۇ چايان دۆۋە مەملىكىتىدە كۆرگەن ئەھۋاللارغا ئوخشاشلا ئىلگىرىكى ئىشلاردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق تۇرغىدەك. ھەممىلا جاي باشقا بىر دۇنيا بولۇپ كەتكەن ئىكەن. شاھزادە بۇنىڭغىمۇ ھەيران بولۇپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ئاللىقاچان ئاقىرىپ مەيدىسىگە چۈشكەن ئىكەن. ئۆزىمۇ مۈكچىيىپ يۈز ياشلىق بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ قاپتۇ.

ماڭە-ماڭە ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا ئادەملەرمۇ بۇرۇنقى ئادەملەرگە ئوخشىمىغۇدەك. شەھەر-

لەرمۇ باشقىچە، بۇرۇنقى ئوردا-سارايلارنىڭ ئورنى باغۇبوستانلىققا ئايلانغان. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ خارابىلىق بىر جايغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئات شاھزادىگە:

— ئىگەم، جۇرۇڭ، ئەمدى تېز قايتايلى، ئەگەر مەن بىلەن قايتمىسىڭىز مەن دەرھال قايتىمەن، — دەپتۇ.

— سەن قايتقىن؛ مەنمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئارقىڭدىن بارارمەن، — دەپتۇ شاھزادە ئانچە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە، شۇنىڭ بىلەن ئات ئوقتەك ئۇچۇپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ.

يالغۇز قالغان شاھزادە خارابىلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ يەر ئىلگىرى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جاي ئىكەن. ئەتراپتا ئازغان-تىكەنلەر ئۆسۈپ كەتكەن، چىرىپ كەتكەن ئادەم ئۇستىخانلىرى تۇرغىدەك. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ يىقىلىپ كەتكەن بىر ئەسكى ئۆيدىن بىر دانە ئەسكى ساندۇقنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا بىر كىچىك قۇتا چىقىپتۇ. قۇتىنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچاي دېيىشىگە قۇتا ئىچىدىن:

— بالام، سەن كېچىكتىڭ، مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەشتىم، — دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ-دە، قاياقتىندۇر بىر شاپىلاق كاچىتىغا ئۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ، كۆزىنى يۇمۇپ--ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **قادىر ئاخۇن**

توپلىغۇچى: **ھېمىت سوپى**

## كەپتەر بىلەن قاغا توغرىسىدا رىۋايەت

ئىلگىرى داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە پۈتۈن جاھاننى سۇ بېسىپ كېتىپ پەقەت داۋۇت پەيغەمبەرلا كېمىسى بىلەن سۇنىڭ ئۈستىدە قاپتۇ. داۋۇت پەيغەمبەر ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سۇ ئۈستىدە يۈرۈپ، ئاخىرى بىرەر قۇرۇق يەر تېپىپ تېرىقچىلىق قىلماقچى بوپتۇ ۋە كەپتەر بىلەن قاغىنى تېرىقچىلىق قىلغۇدەك قۇرۇق جاي بار-يوقلۇقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇ يەر يۈزىگە سىڭىپ كېتىپتۇ، قاغا شۇ ماڭغانچە بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپلا بىر ئەخلەتلىككە چۈشۈپ شەخسىي ئوقەتكە بېرىلىپ كېتىپتۇ؛ كەپتەر بولسا كېچە-كۈندۈز جاپا چېكىپ، جاھاننى بىر چۆرگىلەپ چىقىپ ئاخىرى بىر چىلان توپراقلىق يەرنى تېپىپ يەرگە چۈشۈپ كۆرۈپتۇ. كەپتەر يەرگە چۈشۈشى بىلەن ئىككى پۇتى توپراققا پېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇ يەردىن ئۇچۇپ داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېيتىپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن كەپتەرنىڭ ئىككى پۇتى قىزىل بولۇپ قالغان ئىكەن. قاغا بولسا ئۆزىنىڭ غېمى بىلەن قايتىپ كەلمەپتۇ. داۋۇت پەيغەمبەر كەپتەرگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق نەرسىنىڭ زىيىنى يەتمەسلىكى، قورسىقى توق تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ؛ قاغىنى بولسا پوق چوقۇپ يەپ كۈن كەچۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا قارغاپتۇ.

شۇندىن كېيىن، كەپتەر ئۆتكەن كۈنگە شۈكرى ئېيتىپ، خۇداغا زىكرى قىلىپ، تۇرمۇشىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپتۇ. قاغا قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا تاغمۇتاغ يۈرۈپ ئىنتايىن خارچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە ئاچكۆزلۈك قىلىپ شۈكرى ئېيتماي، پوق چوقۇپ يۈرگەنلىكتىن ئۇنىڭ گۆشىنى ئىتمۇ يېمەيدىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ناسىر ئاقسوپا**

توپلىغۇچى: **ھەسەن سالى**

# ئاي بېشىدا ئاھ ئۇرسام

ئاھ ئۇرار بولسام جاھاننى
يالقۇنى كۆيدۈرگۈسى.
ياش تۆكەر بولسام زېمىننى
كەلكۈنى چۆمدۈرگۈسى.

يارنىڭ قورسىقى ئاغرىپتۇ،
باغقا كىرىپ ئالما يەپ.
يامان ئۆگىنىپ قاپتۇ،
ئۆزى خالىغاننى دەپ.

تۆگۈلۈكتىن قاراپ باقسام،
يارىم تولغىنىپ ياتتى.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
دەردىمنى تولا تارتتى.

گۇللەر ئېچىلىپ تۇرسا،
بۇلبۇل سايرىشىپ تۇرسا.
بىرى ئاشىق، بىر مەشۇق،
دائىم قارىشىپ تۇرسا.

ئۆردەك بىلەن كەرەكنىڭ
سۇ چېچىشقىنى خوپتۇر.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ
كۆز ېقىشقىنى خوپتۇر.

ئېگىز تاغقا چىقتىم مەن،
يول تېپىپ چۈشەلمىدىم.
چىرايىڭغا كۆيدۈممەن،
ئەقلىمگە ئىشەنمىدىم.

توپلىغۇچى: شاياخمەت قۇربان

كېلەرىم شۇ، كېتەرىم شۇ،
كۆزۈڭنى نەملىمە يارىم.
پەلەكتۇر ئايرىغان بىزنى،
مېنىڭدىن رەنجىمە يارىم.

سەن مېنى يامان دېدىڭ،
قايسى قىلغىنىم ياقماي.
ئويۇن كەپنى ئاز قىلغىن،
كۆڭلۈم شېخىنى قاقماي.

ئاي بېشىدا ئاھ ئۇرسام،
ئاي ئاخىرىغا كەتتى.
سەندىن ئۆزگە ئالەمدە
مېنىڭ ھالىمغا كىم يەتتى؟

ئاختامدا ئاق داڭگال
تاش بولالمىدىم دەيدۇ.
ئويناپ قانمىغان كۆڭلۈم
ياش بولالمىدىم دەيدۇ.

توپلىغۇچى: مۇھەممەتجان راشىدىن

ئاسماندىكى تۇرنىلار
ئوقتا دۇچار بولمىسۇن.
يار ئىشقىدا مېنىڭدەك
ئوتقا دۇچار بولمىسۇن.

بېشىڭدىكى لېنتاڭنى
ئەلەمكىن دەپتىمەن.
گىجىم رومال ئىچىدە
بەلەنمىكىن دەپتىمەن.

توپلىغۇچى: ئەخەت روزى

مەن ئىزدەرمەن كۆڭۈل ئىزدەپ،
بۇ كۆڭۈل ئۈزۈلمەيدۇ.
كۆڭۈل ئېيتۇركى: ئى نادان،
كۆڭۈل بەرگى ئۈزۈلگەيمۇ.

بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى
يار بىلەن كۆرۈشكىلى.
كۆرسەم-كۆرسەم تويماسمەن
مەن يارنىڭ جامالىنى.

بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى
مەن يارىمغا خۇمارى.
قول سېلىپ چىقىپ كەلسە،
كۆكرىكىدە تۇمارى.

ناخشىنى تولا ئېيتسام
دەردى يوقمىكىن دەمسەن.
ۋاقتىدا بارالمىسام
مەيلى يوقمىكىن دەمسەن.

ئىشقىڭدا بۇ باشىمنى
تېنىڭدىن جۇدا كۆردۈم.
ئاشىقلار ئاراسىدا
سېنى بىۋاپا كۆردۈم.

گۈل تېرىسام مايسا بولدى،
شاخ چىقاردى رەڭمۇ رەڭ.
يارىم ئاپتاپتا يېتىپتۇ،
مەن يېنىڭدا سەۋزەرەڭ.
**توپلىغۇچى: ئېرشاد سەيدۇللام**

ئىلىخو دېگەن يەردە
شايى چاپان بەش تەڭگە.
ئازار بەرمەڭ كۆڭلۈمگە،
شېرىن جېنىم مىڭ تەڭگە.

نامرات بىلەن ئوينايمەن،
باي مېنىڭ خىلىم ئەمەس.
پۇل تاپسا ئۆزى تاپقان،
تېگىنى بۆلۈپ بەرمەس.

سەن قاچان كەلدىڭ ئىشىككە
مەن بىلىپ ئاھ ئۇرمۇدۇم.
چىققىلى چارە تاپالماي
ئولتۇرۇپ قان يىغلىدىم.
**توپلىغۇچى: تۇرسۇن قاسىم**

قارلىغاچۇ-قارلىغاچ
قاناتلىرى ئالماچ.
باللىرىغا دان بېرىپ،
ئۆزى قاپتۇ قورساق ئاچ.

بىزنىڭ يارنىڭ ئۆيلىرى
سايىنىڭ بويىدا — ياندا.
ئوتۇڭ يېگى تۇتاشتى،
كۆيىۋاتىدۇ جاندا.
**توپلىغۇچى: مۇھەممەتجان ئوبۇلخەيرى**

قاشىڭ قارىكەن يارىم،
كۆڭلۈڭ ئاق ئىكەن يارىم.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
مەيلىڭ يوق ئىكەن يارىم.

ھويلاڭدا يالغۇز كۆلچەك،
مېنىڭ يارىم كۈلگۈنچەك.
ئەقىللىق مېنىڭ يارىم،
شەرەت قىلسا بىلگۈنچەك.

ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ
تولغانغان مېنىڭ يارىم.
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن
بولغانغان مېنىڭ يارىم.

**ئېيتىپ بەرگۈچى: قاھار تۇردى**
**توپلىغۇچى: تۇرسۇن قاسىم**

# تۆت سەرلىك چاپانغا بەش سەرلىك ياقا

(لاپ)

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسدا ئىدى،
ھەممە ئادەمنىڭ ئايۋىنى ھويلىسىدا ئىدى.
تۆگىلۈكى تورۇسىدا ئىدى،
ئۇچىقى مورىسىدا ئىدى،
ئاشلىقى ئورىسىدا ئىدى،
كەتمىنى دولىسىدا ئىدى،
چارۋىسى تېغىدا ئىدى،
يېمىشى بېغىدا ئىدى.
ئۇ زامانلاردا:
سۇندۇك سۇۋاقچى ئىدى،
مايمۇن بوياقچى ئىدى،
شىر پادىشاھ،
يولۋاس سوراقچى ئىدى.
تۈلكە ئالدامچى،
بۆرە قاراقچى ئىدى.
ئاق قۇشقاچ چېقىمچى،
تورغاي بېقىمچى،
قاغا خەۋەرچى،
بۇلبۇل لەپەرچى،
ھوقۇسپى پەنەرچى،
سېغىزخان يېغىر چوقۇيدىغان
ئېشەكچى ئىدى.
ئىت تالىغاق،
مۈشۈك يالىغاق،
ئۆمۈچۈك توقۇغاق،
ھۆپۈپ چوقۇغاق،
توشقان چاپقاق،
ھەرە چاققاق،
غورۇلاي خەقنىڭ بالىسىنى
باققاق ئىدى...

ھەي گەپ قىلماڭ ئاكا،
پاچىقىڭىزنى چاقمىز باكا.
بوپقالىسىز توكا،
تۆت سەرلىك چاپانغا
بەش سەرلىك ياقا.
مايماق ئېشەككە
ئەگرى تاقا.
ھەركىمنىڭ رىسقى ئۆزى بىلەن،
خۇدايىم باقا.

قوغۇن دېگەن بىر پېلەك بولمىش،
ھەر پېلەكتە مىڭ خەمەك بولمىش.
ھەر خەمەكنىڭ تەمى
بىلەك-بىلەك بولمىش.
تاتلىق بولسا تىلنى يارارمىش،
لاۋزا بولسا ئۆزى پېتىر،
سۈيى بىر چېلەك بولمىش.
«خوش» دېمەس بولدۇق،
دېسەكمۇ بوش دېمەس بولدۇق.
يانچۇقتا پۇل يوق چاغدا،
قاسساپقا گۆش دېمەس بولدۇق.
گۆش پۇلىنى بېرەلمەي،
خەقلىدىن مۇش يېمەس بولدۇق.
«بارىغا پەتە،
يوقىغا ئەتە»
بار نەرسىنى ھەرگىز يوق دېمەس بولدۇق.
«قورققانغا قوش كۆرۈنەر،
پوقىقى مۇش كۆرۈنەر».
تېرە ئۇستىدە پۇل قىلغان ياخشى،
«نېمە قوق» ① دېمەس بولدۇق.
دوست دېگەن ھامىنى دوست،

① كېرەك يوق، بوپتىلا مەنىسىدە.

دۈشمەننى دوست دېمەس بولدۇق.
بۇگۈندىن باشلاپ،
پولۇغا چامغۇر،
چۆچۈرىگە زەدەك،
لەغمەنگە جىگدە،
ئۇماچقا بەسەي سالماس بولدۇق.
چۆپنى يېيىپ،
ئۆگرىگە كېيىپ،
خوشاڭنى تۆكۈپ،
سوقماقنى ئۆكۈپ،
زاڭنى مالتىلاپ،
يومدانى يارتىلاپ ئەتەكچى بولدۇق.
مېھماننىڭ ئالدىغا مەلتەڭ،
كەينىگە پەلتەڭ.
قاچىسىغا سىنچاي،
ئايىغىغا قەنچاي قۇيماقچى بولدۇق.
ئىش پەم بىلەن ئوخشارمىش،
تاماق تەم بىلەن ئوخشارمىش.
مەجلىس ئەھلىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن،
قومۇشنىڭ پۆپۈچىكىنى،
يۇلغۇننىڭ كۆتىچىكىنى،
بۇدۇشقاقنىڭ يارمىسىنى،
قۇمۇچاقنىڭ چاۋىسىنى،
كۆل باچكۇسىنى،
چۆل باچكۇسىنى،
قوتۇر كالىنىڭ شىرىقىنى،
ئۈزۈمنىڭ پىرىقىنى،
بورگىنىڭ ئۆپكىسىنى،
ياۋا ئۆردەكنىڭ تاشلىقىنى،
كونا ئۆتۈكنىڭ باشلىقىنى،
ئۈنى-بۇنى،
نېمە تاپالىساق شۇنى
تەق قىلدىغان بولدۇق.
نەغمە-ناۋا،
ئۇسسۇل، مەشرەپنى ۋايىغا يەتكۈزۈشچۈن،
تۆگىنى ئۇسسۇلغا،
خورازنى مەرغۇلغا،
داپەندىلىككە چولاقنى،
ساز ئاڭلاشقا پالەڭ قۇلاقنى،
يۈگۈرۈشكە قارىغۇنى،
ناخشا ئېيتىشقا گاچىنى
تەق قىلدىغان بولدۇق.

ئاقچى قوغۇن ئاق جوۋاننىڭ،
كۆكچى قوغۇن كۆك جوۋاننىڭ.
كۆرۈك قارىنى يامانىنىڭ،
چىلگە قوغۇن چىلگە نوچىنىڭ،
بېشەكشىرىن ئايشە غوجىنىڭ،
تاۋۇز سىيگەكنىڭ،
كاۋا يېگەكنىڭ،
شوۋگۇرۇچ نازۇكنىڭ،
پولو بايۋەچچىنىڭ،
زالەڭ پەھلىۋاننىڭ،
چۆچۈرە بوۋىنىڭ،
قىيمىلىق كۆمەچ بوۋىنىڭ،
گۆشكىردە قىمارۋازنىڭ،
ھالۋا داۋازنىڭ بولىدىغان بولدى.

داستىخانغا چىقتى ئۇماچ يوغان قورساق
«خالاپيۇ-خولۇپيۇ» -
بورۇتنى تارلاپ،
زالەڭ پەھلىۋان چىقتى
كۆكرىپ، قىزىرىپ.
ئاياغقا قونۇپ پارلاپ،
چۆچۈرە قالپىقنى قىرلىدى،
لەغمەن تەخسىدە لىغىرلىدى.
يىگەنلەر دەرماندا،
يېمىگەنلەر ئارماندا.
شورتىكى - پورتىكى،
شالاپيۇ-شولۇپ...
بىر مەيدان غەۋغايى جاھان،
باشلىنىپ كەتتى «گولۇپيۇ- گولۇپ»
قورساقلار ئېغىرلىدى،
مېھمانلار تاۋار كۆرپىگە يىقىلدى،

ئۆ ياخشى ئىشلەش مەنىسىدە.

يەرنى بېغىرلىدى.
ئۇ زامانلاردا،
قىرغاۋۇل جەدە ئىدى،
قۇيرۇقى يەردە ئىدى.
قىز باللار ئەردە ئىدى،
جۇۋانلارغا ئەر يوق،
يۈرىكى زەردە ئىدى.
تۇل خوتۇن ئوتتۇنسىز ئىدى،
ئۇبۇشقا بوۋاي خوتۇنسىز ئىدى.
باي بايغا باقاتتى،
سۇ سايغا ئاقاتتى.
چېقىمچىلىق بازار تاپقانتى،
راستگۇيلار ئازار تارتقانتى.
بارنى ئوغرى ئالغانتى،
يوقنى رەمبال.
ئون ئۆيلۈكتە ئاران بىر قازان،
بەش بالىغا ئاران بىر تامبال.
ئانىسىنى مەن ئالغانتىم،
چوڭ ئانىسىنى ئامبال.
بەگلىرى بەگلىكتە قالغان،
دورغىسى ئالۋان بىلەن.
قازىلار پەتىۋا قىلاتتى،
راستنى **يوق يالغان** بىلەن...

ئاشتۇر،
ماشتۇر،
ھەر نېمە **بولساڭ** بول،
قېرىمىغىن، ياش تۇر.
بىۋاپا زاماندا،
قېرىلىق دېگەن باشنى يارغان تاشتۇر.
ئاچاڭنى ياخشى بىلەن بولۇشتۇر،
يامانلاپ كەلسە ئاجراشتۇرماي
ياراشتۇر.
ئاناڭنى داداڭدىن ئاجراشتۇر.
بوشاڭلىقنى تاشلا،
دائىم شاش تۇر،

ئېلىك-بېقىك،
بالدۇر كەلگەن مېھمانغا تاۋۇز پىچىك،
كېيىن كەلگىنىنى كوچىغا ئىتتىرىك.
مېنىڭ بىر يارىم بار،
ئۆزى تۇزۇك،
لېۋى سۇزۇك.
بېلىكىدە بىلەزۈك،
بارمىقىدا ئالتۇن ئۈزۈك.
يارىم كېلىشەڭگۈ،
ئالدىغا ئېگىشەڭگۈ.
چاچلىرى تېقىمىغا يۆگىشەڭگۈ.
ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى
چوڭ ئاچىسى بىلىشەڭگۈ.
ئاشۇ يارىم بەك لېۋەن،
لېۋىگە لېۋىم تېگىشەڭگۈ.
قارىغىن ئۇكام،
ئەتىۋا توخام
بىر يولى ئىككىنى تۇغدى.
بىرىنى ئال، ئاناڭنى باق،
بىرىنى ئال، داداڭنى باق.
قىزىق گەپ ئاڭلاي دېسەڭ،
مېنىڭ ئېغىزىمغا باق.
ناخشامغا قېتىۋالسام،
خاپا بولامسەن؟
— ياق، ياق!...
شۇنداق دەپ،
ئەمەت ئاكام سېلىمە ئاغىچامنى
ئۇرۇپ كەتتى «ۋاق - ۋاق».
ئۇرمالڭ دېسەم ئۇنىمايدۇ،
ئەسكى پوقاق.
دۆڭۋاغدىن شەمشەمەت،
چارباغدىن كەنجەمەت،
ئۆيباغدىن ھېزىماخۇن تولغاق،
يېڭىباغدىن پاسارئاخۇن پوقاق،
شورباغدىن ئىسمايىل ئاياق،
گۈلباغدىن ئۇرايىم مایاق،
ناۋاغدىن ئەيسا قاراقچى،

تامىغىدىن مۇسا تاياقچى،
سېسىق كۆلدىن سايىم ئاخۇن،
ئايدىڭكۆلدىن قايىم ئاخۇن،
موغا مەھەللىسىدىن توختى غوجا،
ئۇجمە قاتارىدىن بەختى غوجا،
ئەمەت ئاكام بىلەن سېلىمە ئاغچامنى
ياراشتۇرماقچى بولدۇق،
ياراشقىلى ئۇنىمسا،
ئالتە بالىنى چۆرىسىگە ياماشتۇرماقچى
بولدۇق.

ئەنەلىۇ ھەق،
مەنەلىۇ ھەق.
ئاسماندىن ياغدى يامغۇر،
يەردىن ئۈندى چامغۇر.
نورۇز شاملى سوقتى غۇر - غۇر،
پۇت-قولىغا كىردى ماغدۇر.
ھەي باللا، جېنىم باللا،
يامان پەيلىڭنى ياندۇر،
يارنى سۆيۈپ تەشنالىقىڭنى قاندۇر.
مەن بىر توپاق ئالدىم ئاينىڭ بېشىدا،
ئون تۆت پۇللۇق ئارغامچىسى بېشىدا،
پۇلىنى نەق تۆلىدىم موللىكامنىڭ قېشىدا.
بۇ توپاقنىڭ سېمىزلىكى توپتەك،
قوشقا قاتسام ماڭمايدۇ،
ئۇرىدىغان تاياق يوقتەك.
پۇتىمغان چۇماق بىلەن بىر سالسام،
بۇرنىدىن قان كەلدى ئوقتەك.
ياھەزرەت،
ئۇ توپاقتىن رايىم قايتتى پوقتەك.
ساتاي دەپ ئازنا بازارغا ئاپارسام،
خېرىدار ئولاشتى، باشقا توپاق يوقتەك.
ئۇيان تارتىپ،
بۇيان تارتىپ،
مۆلەنى بوينىغا ئارتىپ،
توپاقنى ساتتىم ئون تەڭگىگە.
كىمگە ساتتىڭ، دېسەڭلار،
ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتىدىغان —
ھېلىقى ئۈچ بەڭگىگە.
توپاقنى باغلىماي بەردىم،
كېيىنلىكىمنى چاغلىماي بەردىم.
ھەيدەپ كەتتى ئالدىغا سېلىپ،
باشپېغىنى خالتىغا سېلىپ.
توپاق پۇلى نېسى قالدى،
سۆيلەپ باردىم پات-پات.
كېپىشىمنىڭ چەمى قالمىدى،
ياماقلىق سالدىم قات-قات.
ئاچچىقىمغا پايلىماي،
بۇرۇتۇمنى تالىماي،
ئالدى-كەينىمگە قارىماي،
ئېشكنى ئەتتىم دۈملەپ،
چېتىقلىرىنى يىلىمدا يەملەپ.
ھەميانىنى ئۆرۈپ-چۆرۈدۈم،
تەڭگە، داچەنلىرىمنى جەملەپ،
ساناپ باقسام، قالدى بىر تەڭگىسى
كەملەپ.
ئېشكنى قويۇپ تۆڭلۈككە كەپلەشتىم،
نەق-نېسىنى يىغدىم،
ئۈچ بەڭگە بىلەن كەپلەشتىم.
بېشىمنى قاشلاپ،
نىزاھىنى تاشلاپ،
يارىشىپ قالدىم-ئەپلەشتىم.
يولغا چىقتىم سائەت بىردە،
بېلىمگە تۈگۈۋالدىم بىر جۈپ گىردە.
ئېشكىمنى ھاڭرىتىپ،
ناخشامنى ياڭرىتىپ،
ئۈستىگە مىندىم
پۇت-قولۇمنى ساڭگىلىتىپ.
ئېگىز ئېرىقنىڭ ئۈستى بىلەن،
پەس ئېرىقنىڭ ئاستى بىلەن،
كېتىپ بارۇر ئەردىم،
ئايا دەردىم!
ئۈنىمگەن چىغ تۈۋىدىن
تۆرەلمىگەن توشقان چىقتى.

پۇتىمغان چوماق بىلەن بىر قويسام،
تەگدى بېرىپ ئوخرەككە،
پوكلا يىقىلدى ئورەككە.
بۇ توشقاننى ئاتمىش ئادەم
بېسىۋالدۇق ئاران تەستە.
يەتمىش ئادەم پىچاققا يۆگۈردى،
ئېلىپ كەلگىنى
بوۋامدىن قالغان قەلەمتۇراچ،
ئۆزى گال، ياغاچ دەستە.
تۆت كۈندە بوغۇزلاپ،
بەش كۈندە سويدۇم.
ئاتمىش پاتمان گۆشى چىقتى،
يەتمىش پاتمان چاۋىسى.
بىر ئۆيلۈك كىشى قىشتىن بۇيان يەۋاتىمىز،
هازىرمۇ بار تېخى تەلەي-يامىسى.
دېگەنلىرىم لاپ بولدى،
توشقان تېرىسىدا يوغان بىر داپ بولدى.
يۈگىنى چاقتا ئىگرىۋىندۇق،
بەش تاغار، يەنە ئالتە قاپ بولدى.
توشقان سويۇشقا قاتناشقانلارنى
مېهمانغا چىللىدىم.
ئىشچانلارنى قويۇپ،
هورۇنلارنى خىللىدىم.
ئاش ئەتكىلى نە داشقان يوق،
نە تالقان.
قاپىقىمنى دولامغا ئارتىپ،
پۇتۇمنى بوسۇغىنىڭ تېشىغا تارتىپ،
سۇ ئەكىلىشكە ماڭدىم شاپاشلاپ.
قارىغۇدەك بولسام بىر تۇزگە،
سوزۇلۇپ يېتىپتۇ ئۈچ دەريا ياپپاشىلاپ.
دەريالارنىڭ بىرى قۇرۇق،
ئىككىسىنىڭ سۈيى يوق.
قۇرۇق دەريادا ئۈچ بېلىق
ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ،
بىرى ئۆلۈك،
ئىككىسىنىڭ جېنى يوق.
ئۆلۈك بېلىقنىڭ تېنى يوق،
جېنى يوق بېلىقنىڭ قېنى يوق.
يوق سۈنى ئۈستۈم قاپاققا،
ئۈچ بېلىقنى ئارتتىم دولامغا.
كۆتۈرەلمەي ھېرىپ،
بىر دۆڭنىڭ كەينىگە بېرىپ يېتىۋالدىم،
ئۈچ يوغان قازاننى تېپىۋالدىم.
بىرى سۇنۇق،
ئىككىسىنىڭ تۈۋى يوق.
بىر قازانغا قەغەز يەملىدىم،
گۈرۈچ بولمىسىمۇ پولۇ دەملىدىم.
بىر يۈز ئوتتۇز هورۇن تويدى،
خام كېكىرىپ يېرىمىنى يەپ بولالماي
ئاشۇرۇپ قويدى.
مەن بۇ مېهمانلار بىلەن بولتۇر خوشلىشىپ،
يېنىپ كەلدىم هازىرلا.
يانچۇقۇمدا بار شۇ چاغدا چاققان
پۈرچاق بىلەن گازىرلا.
ئىشەنمىسەڭلار مەيلىڭلار،
تاغار قاپقا ئوخشىماس،
هەر قانداق گەپ لاپقا ئوخشىماس.

خەير-خوش،
ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن.
ئەخمەقنى تاپسام،
يىڭنىسىگە يېپ ساپسام،
تىڭشىغلى ئادەم چىقسا،
لاپ دېگەننى توختىماي قېتىۋاتىمەن.
خۇدا خالىسا يەنە كۆرۈشەرمىز،
مەن ئۇ تەرەپكە،
سىلەر بۇ تەرەپكە ئۆتەرمىز،
يۈرىشەرمىز.
چوڭلار بىلەن سالاملىشىپ،
كىچىكلەر بىلەن پاراڭلىشىپ،
باغاشلىشىپ سۆيۈشەرمىز.
گېپىم تامام-ۋەسسالام.

ئېيتىپ بەرگۈچى: خوتەن شەھىرىدىن
**ئابدۇقادىر ئاخۇن**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **روزى سايىت**

# ئىلى مەشرەپلىرى ھەققىدە

مېھراي ئابدىلىم

ئىلى ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە ئاھالىسى نىسبەتەن زىچ ئولتۇراقلاشقان رايون ھېسابلىنىدۇ. ئىلى دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان بۇ مۇنبەت زېمىندا ھەر مىللەت خەلقى ئەسىرلەردىن بۇيان مۇرىنى-مۇرىگە تىرەپ جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھالال مېھنىتى بەدىلىگە بۇ زېمىننى ئىسمى-جىسمىغا لايىق بايلىق ماكانىغا ئايلاندۇردى.

بۇ رايوننىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بىر جۈپ تالىپاش قولى بىلەن بۇ زېمىننىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا تونۇتتى. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇنداق مول ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپ قالماستىن، يەنە پۈتمەس-تۈگىمەس مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىپ، بۇ رايوننىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئىلى رايونىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مول مەزمۇنلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. جۈملىدىن «چىن تۆمۈر باتۇر» «نۇزۇگۇم» داستانلىرى، «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»، «مايىمخان قوشاقلىرى» «گۈلەمخاين قوشاقلىرى» مەردانە، جاراڭلىق ئېيتىلىدىغان ئىلى خەلق ناخشىلىرى، لەتىپە-چاقچاقلىرى ھەممىسىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكى ئەسىرلەردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان، كەڭ تارقىلىپ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر گەۋدىسىگە ئايلانغان «مەشرەپ» پائالىيىتىدە مەركەزلىك ئەكس ئەتتى.

مەشرەپ — ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بىرلەشتۈرۈلگەن، ئاممىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. مەشرەپ — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نىسبەتەن كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسالدا چاغلىرىدا، ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈنلەردە، مەۋسۇم-مۇراسىملاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئوينىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپلەر شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوينىلىۋاتقان مەشرەپلەرگە ئوخشاشلا ناخشا-ساز ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەنىلا ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ يەرلىك مەشرەپلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىلى مەشرىپىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرراق تونۇشۇش، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىدا ئوينە-

لىدىغان مەشرەپلەر بىلەن بولغان پەرقلىرىنى تېپىش مەقسىتىدە مەن 1992-يىل 7-ئايدىن 9-ئايغىچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ غۇلجا ناھىيىسى (جېلىلىيۈزى)، چاپچال، تېكەس، قورغاس قاتارلىق بىرنەچچە ناھىيىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تۆۋەندە بۇ قېتىم ئىگىلىگەن بەزى ماتېرىياللار ئاساسىدا ئۆزۈمنىڭ «ئىلى مەشرىپى» ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى كۆپچىلىككە سۇنماقچىمەن.

## ئىلى مەشرىپىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى

مەشرەپنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدا شەكىللىنىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ئوينىلىپ ھازىرقىدەك بىر پۈتۈن قۇرۇلما ئالاھىدىلىككە ئىگە، سىستېمىلاشقان شەكىلگە كىرىشى ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەشرەپنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق شەكىلدە بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە قولىمىزدا ئېنىق يازما ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن، بىز خەلق ئارىسىغا تارقالغان بەزى ئەپسانە-رىۋايەتلەر، ئېپوسلار، تارىخىي كىتابلاردا ساقلىنىپ قالغان يازما پارچىلار، شۇنىڭدەك قېرىنداش مىللەتلەر تارىخىدىكى تۈركىي مىللەتلەرگە ئائىت يازما خاتىرىلەردىن مەشرەپنىڭ دەسلەپكى شەكلى ھەققىدە بەلگىلىك مەلۇماتقا ئىگە بولالايمىز.

ئۇيغۇرلار ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان تۈركىي خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە تارىختىن بۇيان ئالتاي تاغلىرى ۋە تەڭرى تاغلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە پامىر ئېگىزلىكىگىچە، شىمالدا سىبىر ۋادىسىدىن جەنۇبتا چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايوننىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىككە ماسلاشقان ھالدا ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. دۇنيا فولكلورشۇناسلىقىدا بۇ رايون تېپىك يايلاق مەدەنىيىتىدىكى رايون دەپ قارىلىپ، بۇ رايوننىڭ مەدەنىيەت تىپى «ئالتاي مەدەنىيەت تىپى» دەپ ئاتالدى.

مانا مۇشۇ ئالتاي مەدەنىيىتىنىڭ ياراتقۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزىگە خاس بولغان تەپەككۇر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاجايىپ گۈزەل، تەسىرلىك ئېپوسلار، ئەپسانە-رىۋايەتلەر، قىسسىلەر ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزدى. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ مانا مۇشۇ خىل مول مەزمۇنلۇق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتى.

ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەك پائالىيىتى ئۇلاردا ئىنتايىن كۈچلۈك كوللېكتىۋىزملىق روھنى يېتىلدۈردى. مانا مۇشۇ روھنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇلار مول ئوزۇقلارغا — ئوۋ غەنىمەتلىرىگە ئىگە بولغىنىدا، دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىدا، كوللېكتىپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىنى تەبرىكلەش مەقسىتىدە ئەر-ئايال بىر جايغا توپلىنىپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەنتەنە قىلىشقان. بۇ خىل مۇراسىملار ناخشا-ساز، ئۇسسۇلنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان. مانا بۇلار مەشرەپنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرى بولسا كېرەك.

ئالايلۇق، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخاننىڭ پۈتكۈل تۈركىي قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرگىنىدىن كېيىن جەڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ «ئۇلۇغ توي» ئۆتكۈزگەنلىكى، مۇراسىمدا نۇرغۇن مال-چارۋىلار سويۇلۇپ، هاراق-شاراب، قىمىز ئېچىلىپ، چوڭ كۆلەملىك تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغانلىقى بايان قىلىنغان. شىنجاڭنىڭ ئېپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىگە تەۋە بولغان «قىيا تاش رەسىملىرى»گە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ رەسىملەردىن بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلىرىدىكى مۇراسىم پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈشلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: تولى، دۆربىلجىن ناهىيىلىرى تەۋەسىدىكى بارلىق تاغلىرى ۋە قۇتۇبى ناهىيىسىگە قاراشلىق بارداق تاغلىرى ئارىسىدىكى قىيا تاش سۈرەتلىرىدە ئەر-ئايال بىرلىكتە سورۇن تۈزەپ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇلاردىن بىز ئەينى دەۋردىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كوللېكتىپ تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

نىسبەتەن كېيىنرەك دەۋرلەرگە تەۋە بولغان شىنجاڭنىڭ قىزىل مىڭ ئۆي ۋە كۇچا قۇمتۇرا مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدىمۇ ئەر-ئايال بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھالەتلەر ئەكس ئەتكەن كۆرۈنۈشلەرنى ئۇچرىتىمىز.

مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېچىلىك سورۇنلىرى بولىدىغانلىقى، قىشتا زىياپەتلەر بېرىلىپ، نەغمە-ناۋا قىلىدىغانلىقى، بۇ مۇراسىملارنى تۈركىي خەلقلەر «سۈرچۈك» ۋە «سۇغدىچ» نامى بىلەن ئاتايدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ نامىلارنىڭ ئېستېمال مەنىسى «مۇراسىم»، «بەزمە» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ ھازىر قوللىنىۋاتقان ئەرەبچە «مەشرەپ» سۆزىنىڭ ئېستېمال مەنىسى بىلەن بىردەك. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئەرەبچە «مەشرەپ» ئاتالغۇسى قوبۇل قىلىنىشتىن خېلى ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۈرلۈك بەزمە-مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. گەرچە بۇ خىل مۇراسىملار ھازىرقىدەك بىر پۈتۈن قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، سىستېمىلىق بولمىسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنى مەشرەپنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرى دېيەلەيمىز.

مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ خىل مۇراسىملار تەسۋىرلەنگەن قوشاقلار خېلى جىق نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئەينى دەۋر سورۇنلىرىنىڭ جانلىق ئىپادىسى دېيىش مۇمكىن. مەسىلەن:

ئوتتۇز ئېچىپ قىقرايلى،
يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى.
ئارىسلاندەك ھۆكۈرەيلى،
قايغۇ قاچتى سۆيۈنەيلى.
(1-توم 193-بەت)

ئۆرۈق بويىنى غاز كەبى،
قەدەھ تولۇق كۆز كەبى.
ھەسرەتنى تۆۋىگە يوشۇرۇپ،
تۈن-كۈن بىللە سۆيۈنەيلى.
(1-توم 135-بەت)

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىي پائالىيەتلىرىدىگە ئائىت بەزى پارچىلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مىلادى 5-6- ئەسىرلەرگە ئائىت بولغان «ۋېي يىلنامىسى»، «گاۋچې تەزكىرىسى»دە، گاۋچې (قاڭقىللار، ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ)لار بىر يەرگە توپلىنىپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە

يىغلىغۇچىلار نەچچە تۈمەنگە يېتىدىغانلىقى،
مال سويۇلۇپ، ئات بەيگىسى قىلىنغانلىقى،
كىشىلەرنىڭ سەيلە قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ،
ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.
(1) سىماچيەنىنىڭ «تارىخنامە»
110-جىلىد «هون تەزكىرىسى» دىمۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان هونلارنىڭ
باهار ۋە ياز پەسىللىرىدە ھەرخىل كوللېكتىپ
يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزىدىغانلىقى، بۇ يىغىلىشلاردا
ناخشا-ئۇسسۇل ۋە ھەرخىل ئويۇن، تەنتەر-
بىيە پائالىيەتلىرى بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان.
بۇ پائالىيەتلەر كۆپىنچە ھاللاردا، كىشىلەر-
نىڭ بىر جايغا توپلىنىپ كۆك تەڭرىسى،
يەر ئىلاهى ۋە ئەجدادلار روهى قاتارلىقلار-
نىڭ شەرىپىگە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈشنى
مەزمۇن قىلغان. بۇ خىل پائالىيەتلەردە
ئىلاهىي خاراكتېر ئالغان ناخشىلار ئېيتىلىپ،
مۇقابىلىق ئۇسسۇللار ئوينالغان. گەرچە
ئىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل پائالىيەت-
لەر مەزمۇن جەھەتتىن يېڭىلىنىپ بارغان
بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى
ساقلىنىپ قالغان. ھېلىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سەيلە مەشرەپلىرىنى
مانا بۇلارنىڭ داۋامى دېيىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ بىر تارمىقى
بولغان ئىلى مەشرەپلىرىنىڭ شەكىللىنىشى
ۋە تەرەققىيات جەريانى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ
ئاساسىي مەنبەسى بولغان ئۇيغۇر مەشرەپ-
لىرى بىلەن تامامەن بىردەك.

ئىلى رايونى قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار
ياشاۋاتقان ئانا ماكانلارنىڭ بىرى. تارىختا
ماۋرائۇننەھىر دەپ ئاتالغان ئامۇ-سىر
دەريا ۋادىلىرىدىن تارتىپ تاكى ئىلى
ۋادىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شۇنىڭدەك
يەتتە سۇ رايونىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى
ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئورخۇن دۆلىتى
(645-840) دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى
ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانلاردا
بۇ رايوننىڭ ئاساسلىق ئاھالىلىرى بولۇپ
كەلگەن. مەسىلەن، 840-يىلى ئۇيغۇرلار
ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر ۋە ئىجتىمائىي
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجىزلىشىپ، ئاخىرى
غەربكە كۆچكەن مەزگىللەردە، بۇ رايوندا
ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن قارلۇقلارنى مەركەز
قىلغان ھالدا ياغمىلارنىڭ ھاكىمىيىتى مەۋجۇت
ئىدى. (2) 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى
ئەنە شۇ ئىككى قەبىلە ئاساسىدا قۇرۇلغان
«قاراخانىلار دۆلىتى» مەزگىلىدە ۋە
13-ئەسىردە چىڭگىزخان پۈتكۈل ئوتتۇرا
ئاسىيانى ئىستىلا قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى
دەۋرلەردە بۇ جايلاردا ئوخشاشلا ئۇيغۇرلار
ياشىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شانلىق
مەدەنىيىتىنى ياراتتى، جۈملىدىن مەشرەپ-
لەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىرى بولغان
«بەزمە-سورۇنلار» بۇ جايلاردا راۋاج-
لىنىپ باردى. مەخمۇت قەشقەرى «تۈركىي
تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئالغان تەڭرى
تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى
ئەنە شۇلار ئىدى. شۇڭلاشقا ئىلى مەشرە-
پىنى بىز ئىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ زېمىندا
بارلىققا كېلىپ راۋاجلاندى دېيەلەيمىز.
ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان مەزگىل
18-19-ئەسىرلەر بولۇپ، بۇ دەۋردە ئىلى
مەشرىپى ئۆزىنىڭ مەلۇم قۇرۇلما ئالاھىدىلىك-
گە ئىگە بىر پۈتۈن سىستېما شەكلىنى
بارلىققا كەلتۈردى.

17-ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭ
رايونىدا ئارقا-ئارقىدىن ئىچكى قالايمىقانچىلىق-
لار يۈز بەردى. 1514-يىلى قۇرۇلغان
سەئىدىيە خانلىقى 1678-يىلىغا كەلگەندە
ئاپپاق خوجا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن
غالدانىنى باشلاپ كېلىشى بىلەن ھالاك
بولدى. جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان
مەزگىللەردە ھاكىمىيەت چىرىكلىشىپ

زىددىيەت كۈچەيدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى تېزلىكتە بىرلىككە كەلتۈردى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى رايونىدا «ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى» نى قۇرۇپ، شىنجاڭدا ھەربىي ئىستىبدات ھاكىمىيەت ئورناتتى. بۇ چاغدا ئىلى رايونىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ 40 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىنى تەمىنلەشكە ئاجىزلىق قىلدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە (1765-يىلى) «ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى» پارتلىدى. 1767-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى قوزغىلاڭنى قانلىق باستۇرۇپ ئۇچتۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن 60 مىڭ ئۇيغۇرنى ئىلى رايونىغا سۈرگۈن قىلدى. (1) ئۇلار مەركەزلىك ھالدا ئىلى دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان تىكەس، چاپچال، جېلىليۈزى، قورغاس ناھىيىلىرىگە نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جاڭجۈن ئارمىيىسى ئۈچۈن دېھقانچىلىق، ئۆستەڭ چېپىش، سېپىل سوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدى. ئۇلار مەركەزلىك ھالدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا «تارانچى» دەپ ئاتالدى. (2) مانا مۇشۇ سۈرگۈنلەر ئەسلىدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە ئىلى رايونىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ مېھنەت تەرلىرىنى سەرپ قىلدى، ئىلى رايونىنى ھەقىقىي ھالدا ئاشلىق، مېۋە كانىغا ئايلاندۇردى. يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تېزلا بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلاندى. جاپالىق ئەمگەك، ئېغىر تۇرمۇش ئازابى ئىچىدىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىگە خۇشاللىق تاپتى، تۇرمۇش ئازابى، مۇڭ-زارلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتتى، سورۇن تۈزەپ، ناخشا-ئۇسسۇل، چاقچاق-لەتىپىلەر بىلەن ھارغىنلىقلىرىنى تۈگەتتى. ئەسلى يەرلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلۈك يىغىلىش، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ تېخىمۇ قىزىدى. ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ناخشىلىرى بۇ رايوندا تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. جۈملىدىن مەشرەپمۇ مۇكەممەللىشىپ، راۋاجلىنىپ، ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان «ئىلى مەشرىپى» يېڭىچە تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

دېمەك «ئىلى مەشرىپى» ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ زېمىندا يارلىققا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ، مەلۇم يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بۈگۈنكى ھالەتكە يەتتى.

## ئىلى مەشرىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرلىرى

**1. ئالاھىدىلىكى:**

ئىلى مەشرىپى ئاساسەن ئىلى ۋادىسىغا جايلاشقان تىكەس، چاپچال، جېلىليۈزى، قورغاس، توققۇزتارا ناھىيىلىرىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

ئىلى مەشرىپى قۇرۇلما جەھەتتىن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ باشقا جايلاردىكى ۋارىيانتلىرىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ. ئىلى مەشرىپىدىمۇ باشقا مەشرەپلەرگە ئوخشاش باشلىنىش، راۋاج، يۇقىرى پەللە، ئاخىرلىشىش قاتارلىق باسقۇچلار، خىلمۇخىل قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى قاتارلىقلار بولىدۇ. مۇزىكىلارغا ئوخشاشلا مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلار تەڭكەش قىلىنىدۇ؛ مەشرەپ تۈزۈملىرى

ۋە مەشرەپ جازالىرى بولىدۇ. بۇ جەھەتلەردىن قارىغاندا بۇ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بىزنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىمىز ھەرگىزمۇ ئىلى مەشرىپىنىڭ جەريانىنى كۆپچىلىككە قايتا بايان قىلىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئىلى مەشرىپىنىڭ باشقا رايون مەشرەپلىرى بىلەن قانداق ئورتاقلىقى ۋە پەرقى بارلىقىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇشۇشتىن ئىبارەت.

ئىلى مەشرىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە ئۆقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

1) مەشرەپنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى:

ئىلى مەشرىپى ئاساسەن قىش پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىلىنىڭ يەرلىك تەبىئىي شارائىتى مەشرەپنىڭ قىش كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلۈشىگە مۇۋاپىق بولۇپ، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم سوغۇق بولىدۇ. قىش پەسلى ھەر يىلى 11-ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېلەر يىلى 3-ئاينىڭ بېشىغىچە سوزۇلىدۇ. قىشنىڭ مۇشۇنداق ئۇزۇن ھەم زېرىكىشلىك كېچىلىرىنى ئىلى ئۇيغۇرلىرى ناخشا-ساز بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئۆز تۇرمۇش ئادىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغان.

جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا قىش نىسبەتەن قىسقاراق بولغىنى ئۈچۈن، قىشتا مەشرەپ ئويناش ئىلىدىكىدەك ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەس.

ئىلىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەردىن توي مەشرەپلىرى، ھېيت-بايرام مەشرەپلىرى ۋاقىت ۋە پەسىل چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

2) مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى:

ئىلى مەشرىپىدە مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرى ئادەتتە ئەرلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ مەشرەپكە قاتنىشىش سالاھىيىتى بولمايدۇ. ئىلى مەشرىپىنىڭ قائىدە-تۈزۈمى نىسبەتەن چىڭ بولۇپ، شۇ مەھەللە ئىچىدە «30 ئوغۇل» دەپ قارالغان ياشلارمەشرەپكە ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ. مەشرەپكە قاتناشماقچى بولغان ياشلار مەلۇم رەسمىيەتنى ئۆتىگىنىدىلا ئاندىن مەشرەپكە كىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ياش يىگىتلەر بىلەن چەكلەنگەچكە، ئادەتتە مەشرەپلەر «30 ئوغۇل مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھالبۇكى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەشرەپلىرىگە ئەر-ئايال ئارىلىشىپ قاتنىشىدىغان بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ مەشرەپلىرى ئادەتتە «30 ئوغۇل، 9 قىز مەشرىپى» دېيىلىدۇ.

ئىلىدا بولىدىغان مەشرەپلەردىن «توي مەشرىپى» ۋە «سەيلە مەشرەپى» قاتارلىق كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان مەشرەپلەردە ئاياللار ۋە مەشرەپ ئەزاسى بولمىغانلارمۇ سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەشرەپ ئەزالىرى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنمايدۇ ھەم مەشرەپ جازالىرىغىمۇ تارتىلمايدۇ. ئۇلار پەقەت مەشرەپ تاماشىبىنلىرى ھېسابلىنىدۇ.

3) مەشرەپنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەشرەپ ئىچىدىكى ۋەزىپىلەر:

مەشرەپنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەربىر يېزىنىڭ ئۆز ئالدىغا «30 ئوغۇل مەشرىپى» بولىدۇ. بۇنىڭغا قاتناشقان ھەرقانداق بىر كىشى مەشرەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشى، ھەرقانداق ئىشتا مەشرەپ باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى شەرت.

«30 ئوغۇل مەشرىپى»دە باشقۇرغۇچىلار ئاساسەن يىگىت بېشى، مەشرەپ بېگى (قازىبەگ)، دارىغەي بېگى، كۆلبېگى، پاششاپ قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىلىرى بار.

يىگىت بېشى — مەشرەپنىڭ ئاساسلىق

تەشكىللىگۈچىسى. ئۇ مەشرەپنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەشرەپ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بارلىق مەشرەپ ئەزالىرى ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئىش تەقسىماتىغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ.

مەشرەپ بېگى (قازىبەگ) — مەشرەپتىكى دەۋا ئىشلىرىنى سوراپ بىر تەرەپ قىلغۇچى كىشى.

كۆلبېگى — مەشرەپنىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى كىشى بولۇپ، كۆلبېگىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە داستىخان ھازىرلىنىدۇ، مەشرەپ كۈتكۈچىلىرى تەيىنلىنىدۇ.

دارىغەي بېگى — بۇ مەشرەپنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى بولۇپ، ئۇ سازچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەشرەپ ئويۇنلىرىنى تەييارلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ ۋەزىپىگە ئادەتتە شۇ جايدىكى ناخشا-سازغا بىرقەدەر ماھىر كىشى قويۇلىدۇ.

پاششاپ — مەشرەپنىڭ غوللۇق ئادەملىرىنىڭ بىرى، ئۇ مەشرەپ ئىنتىزامىنى باشقۇرۇش، كەلمىگەنلەرنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە مەشرەپتە بېرىلىدىغان جازالارنى ئىجرا قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ، مەشرەپ سورۇنىدا ھەممەيلەن ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئەگەر كىمكى تەرتىپنى بۇزىدىكەن شۇ ھامان جازالىنىدۇ. پاششاپنىڭ جازا قورالى «گۈل تاياق» دەپ ئاتىلىدىغان دەررىدىن ئىبارەت. بۇ تاياق يۇمشاق تال چىۋىقلىرىدىن ياسىلىپ، رەڭلىك يىپەكلەر بىلەن بېزىلىدۇ.

«دولان مەشرىپى» دە مەشرەپ بېگى ۋە يىگىت بېشى ئادەتتە بىرلا كىشى بولۇپ، مىرشەپ (كېچە ئەمەلدارى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مەشرەپنى تەشكىللەش ۋە دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت. «دولان مەشرىپى» دە پاششاپنى دوغا بەگ دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىلى مەشرىپىدىكى پاششاپنىڭ ۋەزىپىلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

4) مەشرەپكە كىرىش رەسمىيىتى:

ئىلى مەشرىپىدە مەشرەپكە كىرىش رەسمىيىتى بىرقەدەر پۇختا، شۇڭا مەشرەپكە كىرگۈچىلەر تۆۋەندىكى قائىدىلەرنى بېجىرىدۇ:

مەشرەپكە قاتناشقۇچى ياشنى ئادەتتە دادىسى ياكى شۇ مەھەللىدىكى ئابرۇيلۇق بىر كىشى سورۇنغا ئېلىپ كېلىدۇ. پاششاپ ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى يىگىت بېشى ھەم مەشرەپ بېگىگە خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، يىگىت بېشىنىڭ رۇخستى بىلەن ئاتا-بالا ئىككىيلەن مەشرەپ سورۇنىغا كىرىدۇ. ئاتا ئۆز ئوغلىنى مەشرەپكە قېتىۋېلىشنى مەشرەپ ئەھلىدىن ئىلتىماس قىلىدۇ. ئىلتىماس قىلىش تۆۋەندىكىدەك قېلىپلاشقان ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

بالىنىڭ دادىسى: «ھۆرمەتلىك مەشرەپ بېگى، يىگىت بېشى، 30 ئوغۇلنىڭ گۈللىرى، مەن ئوغلۇمنى سىلەرگە قېتىلىپ، ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگەنسۇن دەپ ئېلىپ كەلدىم. ئوغلۇمنىڭ ئۇستىخىنى مېنىڭ، گۆشى سىلەرنىڭ. ئۇنى ھەرقايسىڭلارنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم» دەيدۇ.

يىگىت بېشى بالىدىن: «بۇ مەشرەپنىڭ تاتلىق چېيى، ئاچچىق تايىقى بار، چىدىيالامسىز؟» دەپ سورايدۇ.

بالا: «چىدايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن يىگىت بېشى مەشرەپ بېگى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالىدۇ.

يىگىت بېشى: ئاتا-بالىدىن «30 ئوغۇلنىڭ گۈللىرى سىلەرنى مەشرەپكە قانداق سوۋغا ئېلىپ كەلدىڭ دەيدۇ؟» دەپ سورايدۇ.

بالىنىڭ ئاتىسى: «بىز 30 ئوغۇلنىڭ گۈللىرى ئۈچۈن تۆگە، ئات، كالا، قويلارنى ئېلىپ كەلدۇق، قوبۇل قىلغايسىلەر» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

(بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ھايۋان ناملىرى، ئەمەلىيەتتە يىمەكلىكلەرگە بېرىلگەن خاس ناملار بولۇپ، تۆگە دېگىنى قوغۇن-تاۋۇز، كالا، قوي دېگىنى ئالما، نەشپۈت، شاپتۇلا قاتارلىق مېۋىلەر، ئات دېگىنى توخۇمدىن ئىبارەت)

يىگىت بېشى: «30 ئوغۇلنىڭ گۈللىرى سوۋغىلىرىڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرگە رەھمەت. ئوغلىڭىزنىڭ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغاندۇ؟ بىزگە ھۈنىرىنى بىر كۆرسەتكەن بولسا» دەيدۇ.

بۇ چاغدا بالىنىڭ ئاتىسى ئەڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن ئوغلىنى ماختايدۇ، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىدۇ؛ ئاندىن: «ئوغلۇم ئۆزى كىچىك بولسىمۇ قولىدىن خېلى ئىش كېلىدۇ» دەيدۇ ۋە ئوغلىنى بىرەر نومۇر ئورۇنلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئوغلى ئۆزى بىلگىنىچە ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ ياكى ساز چېلىپ بېرىدۇ. بىرەر ھايۋاننى دوراپ بەرسىمۇ بولىدۇ. سورۇن ئەھلى رازى بولغاندىن كېيىن يالا مەشرەپكە رەسمىي قوبۇل قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا بالىنىڭ ئاتىسى ئۆز ئوغلىنىڭ مەشرەپكە قوبۇل قىلىنغانلىقى شەرىپىگە 30 ئوغۇلغا بىر مەشرەپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاقىت بېكىتىلىدۇ.

مەشرەپكە قوبۇل قىلىنغان كىشىنىڭ «30 ئوغۇل» نىڭ رۇخسىتىسىز مەشرەپتىن چىقىپ كېتىشىگە بولمايدۇ. ئەگەر مەشرەپتىن چېكىنمەكچى بولسا، سەۋەبلىرىنى كۆپچىلىك قايىل بولغۇدەك بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوغلىنى ياكى ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىغان بىرەر ياشنى قوشقاندىن كېيىن چېكىنسە بولىدۇ.

5) مەشرەپنىڭ پائالىيەت مەزمۇنى:

ئىلى مەشرىپىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنى (1) ناخشا-ساز، (2) چاقچاقلىشىش، لەتىپە ئېيتىش، (3) مەشرەپ ئويۇنلىرى، (4) جازادىن ئىبارەت.

① ناخشا-ساز قىسمى: ئاساسەن باشقا جايلاردىكى مەشرەپلەرگە ئوخشاش ناخشا-ساز مەشرەپنىڭ ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە كۆپچىلىك يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، پاششاپ مەشرەپ سورۇنىغا كەلگەن كىشىلەرنى يىگىت بېشىغا مەلۇم قىلىدۇ. يىگىت بېشى سورۇننى باشلاشقا ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن مەشرەپ باشلىنىدۇ. كۆلبېگى كۆپچىلىكنىڭ قولىغا سۇ ئېلىپ تاتلىق-تۈرۈملارنى داستىخانغا كەلتۈرىدۇ. بىر قېتىملىق سىنچاي قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دارىگەي بېگىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئورۇنلىنىدۇ. ئىلى مەشرەپلىرىدە ئاساسەن تەمبۇر، دۇتار قاتارلىق سازلار ئىشلىتىلىدۇ، داپ تەڭكەش قىلىنىدۇ.

مۇقام تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ. قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بۇ خەلق ناخشىلىرى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، مەردانە، كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتىلىدۇ. بۇ ناخشىلار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ۋە مۇڭ-زارى ئەكس ئەتكەن خەلق قوشاقلىرى ۋە خەلق داستانلىرىنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان. مەسىلەن: «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»، «گۇلەمخان قوشاقلىرى»، «ئېلاخۇن كۆككۆز قوشاقلىرى»، «ھارۋىكەش ناخشىلىرى»، «كۆچ-كۆچ قوشاقلىرى»

ۋە «كوچا ناخشىلىرى» قاتارلىقلار.

ئىلى مەشرىپىنىڭ ناخشا-ساز قىسمى دولان مەشرىپىگە سېلىشتۇرغاندا بىرقەدەر ئاددىي بولۇپ، دولان مەشرىپىدىكىدەك بىر قاتار مۇقىم تەرتىپلىك باسقۇچلار بولمايدۇ. دولان مەشرەپلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس دولان مۇقامى، دولان رايونىغا خاس دولان قىل غىجەكى، دولان قالۇنى، دولان راۋابى ھەم كىچىك داپنىڭ تەڭكەش قىلىنىشى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. مۇقەددىمە تۈگىشى بىلەن ئەر-ئايال تەڭلا ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئىلى مەشرىپىدە بولسا بۇنداق مۇقىم باسقۇچلار بولمايدۇ. ئادەتتە مۇقامنىڭ داستان قىسمى تۈگەپ مەشرەپ قىسمى باشلانغاندا ئۇسسۇل باشلىنىدۇ.

ئىلى مەشرىپىدە ناخشا-ساز باشتىن ئاخىر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بىرنەچچە قېتىم ناخشا-ساز بولىدۇ.

⊘ئارام ئېلىش ۋاقتىدىكى پائالىيەتلەر:

مەشرەپتە بىر قېتىملىق ناخشا-ساز تۈگىگەندىن كېيىن دەم ئېلىش ۋاقتى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مۇشۇ چاغدا ئۆز ئارا قىزىقارلىق لەتىپە-چاقچاقلارنى ئېيتىشىپ سورۇننىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

چاقچاق خۇددى سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق ۋە تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر خىل شەكلى. مەشرەپ سورۇنىدا بولىدىغان چاقچاقلار مەشرەپنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا ئۆزىگە خاس بولغان بىرنەچچە خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە كۆپرەك ئۇچرايدىغان چاقچاق شەكىللىرى دىئالوگ شەكلى، ھېكايە شەكلى، دوراش شەكلى، ماسلىشىشچانلىق شەكلى، دارىتما شەكلى، لاپ ئۇرۇش-پوچىلىق شەكلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

دىئالوگ شەكلى: بۇنىڭدا مەشرەپتىكى ئىككى چاقچاقچى ئۆز ئارا دىئالوگ شەكلىدە چاقچاق قىلىشىدۇ. باشقىلار ئۇلارغا ھەمدەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇمۇرلۇق ھەم مەنىلىك چاقچاقلىرىدىن زوق ئالىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا شۇ كىشىنىڭ لەقىمى ياكى مەلۇم ئالاھىدىلىكىنى ياپتا گەپلەر بىلەن ئىپادىلەپ كۆپچىلىك ئارىسىدا كۈلكە پەيدا قىلىدۇ.

ھېكايە شەكلى: بۇ خىل شەكىلدە چاقچاقچى مەلۇم قىزىقارلىق ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئارقىلىق كىشىلەرنى كۈلدۈرىدۇ ياكى شۇ سورۇندىكى مەلۇم بىر بۇرادىرىنىڭ كەمچىلىكىنى، يارىماس قىلىقلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ باشقىلارغا بايان قىلىپ، شۇ كىشىدە ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىش، خىجىل بولۇش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل چاقچاقنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەش رولى ناھايىتى چوڭ.

دوراش شەكلى: بۇنىڭدا چاقچاقچى ئوبرازلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئۆز يۇرت مەھەللىسىدىكى بىرەر كىشىنىڭ يارىماس قىلىقلىرىنى دوراپ كىشىلەرنى كۈلدۈرىدۇ.

ماسلىشىشچانلىق شەكلى: بۇ خىل چاقچاقلار شۇ مەشرەپ سورۇنىغىلا خاس بولۇپ، باشقا سورۇنلاردا بۇنداق چاقچاقلار ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. ھالبۇكى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە بولسا قاتتىق كۈلكە قوزغايدۇ.

دارىتما شەكلى: ئىككى چاقچاقچى پۇتكۇل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ بىر-بىرىگە دارىتما سۆزلەر بىلەن «ھۇجۇم» قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرى ھازىر جاۋابلىققا، كۈچلۈك يۇمۇرىستىك خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ،

چاقچاقچىنىڭ تىل ماھارىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرى بىر تەرەپنىڭ يېڭىلىشى بىلەن چاقچاق ئاخىرلىشىدۇ.

لاپ ئۇرۇش (پوچىلىق) شەكلى: بۇ خىل چاقچاقلار ئاساسەن لاپ ئۇرۇش، پو ئېتىشنى ۋاستە قىلغان بولۇپ، چاقچاقچىلار كۆپتۈرۈش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، پۈتكۈل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ لاپ ئۇرىدۇ. بۇ خىل چاقچاقلار ئەمەلىيەتتىن ناھايىتى يىراق بولۇپ، چاقچاقچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ پوچىلىقى بىلەن باشقىلارنى كۈلدۈرىدۇ.

ئىلى مەشرەپلىرىدە بۇ خىل چاقچاق-لەتىپە ئېيتىش پۈتكۈل مەشرەپ جەريانىدا بىرنەچچە قېتىم بولىدۇ، ھەر قېتىمدا يېرىم سائەت ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق داۋاملىشىدۇ. مەشرەپتىكى چاقچاقلار ئۆتكۈر يۇمۇرىستىك تىل بىلەن دوستانە كەيپىياتتا ئېيتىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم چاقچاقلار جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەت، يامان خاھىشلارنى يۇمۇرىستىك تىل بىلەن سۆكۈش-قامچىلاش مەقسىتىدە ئېيتىلىدىغان بولۇپ، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

③ مەشرەپ ئويۇنلىرى:

ئىلى مەشرىپىدە كۆپرەك ئوينىلىدىغان ئويۇنلار تۆۋەندىكىچە:

تۆگە ۋە غاز ئويۇنى: بۇ خىل ئويۇنلار كۆپىنچە مەشرەپ باشلىنىشى بىلەنلا ئوينىلىدۇ. بىرەيلەن جۇۋىنى تەتۈر ئۆرۈپ كىيىپ تۆگە سىياقىغا كىرىدۇ، يەنە بىرەيلەن ھەيدىگۈچى بولىدۇ. ئۇلار سورۇندا يورغىلىشىپ مېڭىپ تۈرلۈك قىزىقچىلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرىدۇ. غاز ئويۇنىدا بولسا، بىرەيلەن غاز سىياقىغا كىرىپ، مۇزىكىغا ماسلاشقان ھالدا قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ ۋە سورۇندىكى بىرەيلەنگە تۇمشۇقىنى سوزكەپ ئۇنى بىرەر نومۇر ئورۇنلاشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت تاكى شۇ كىشى ئورنىدىن قوپقىچە داۋاملىشىپ، قاتتىق كۈلكە پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل نىقابلىق ئويۇنلار ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانلارنى مۇقەددەس بىلىشتەك ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئىزلىرىنى نامايەن قىلىدۇ.

«گۈلچاي» تۇتۇش ئويۇنى:

«گۈلچاي» ئويۇنى ئىلى رايونىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ ئاساسىي قائىدىسى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئوينىلىدىغان چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ئويۇنىنىڭ قائىدىلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئىلى رايونىغىلا خاس ئۆزگىچىلىكلەرگىمۇ ئىگە. بۇ ئويۇندا ئالدى بىلەن ساھىبخان «گۈلچاي» ئۈچۈن ئالما شېخىغا پۈرەكلەپ ئېچىلغان گۈل، پىشقان ئالما قاتارلىقلارنى چىگىپ «گۈلباغ» ياسايدۇ. ئويۇن باشلانغاندا ساھىبخان پەتنۇستا بىر پىيالە چاي بىلەن «گۈلچاي» نى بېيىت ئېيتىپ يىگىت بېشىغا سۇنىدۇ. يىگىت بېشى «گۈلچاي» -نى ئېلىپ بېيىت ئارقىلىق يەنە بىرەيلەنگە سۇنىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ «گۈلچاي» ئەڭ ئاخىرى ئۆي ئىگىسىنىڭ قولىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر «گۈلچاي» نى ئالغان كىشى ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرمىسا ياكى «گۈلچاي» نى تۆكىۋالسا ئۇ كىشى ئويۇننى بۇزغان ھېسابلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ. بەزىلەر قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن «گۈلچاي» نى ئالغان چاغدا «گۈلباغ» نى قەستەن ئۆرۈۋېتىپ ئالمىنى ئوغرىلىقچە يەۋالىدۇ. بۇنداق چاغدا مەشرەپ قائىدىسى بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ ئويۇندا ئىلىنىڭ گۈل ۋە مېۋە (ئالما)

ماكانى بولۇشتەك تەبىئىي ئەۋزەللىكى نامايەن قىلىنغان.

«گۈلچاي» قوشاقلىرى تۆۋەندىكى شەكىلدە كېلىدۇ.

چاي تۇتقان كىشى:

چاي باشلىدۇق كۆل بىلەن،
ئاخىرلىشار چۆل بىلەن.
سورىقى بار بۇ چاينىڭ،
قايتۇرمساق قول بىلەن.

چاي ئالغان كىشى:

تاغ تۇتاشقان ساي بىلەن،
چولپان تۇتاشقان ئاي بىلەن.
ئىلىك ئالدىم كۆڭلۈڭنى،
مۇشۇ تۇتقان چاي بىلەن.

پوتا ئويۇنى (دەررە ئويۇنى):

پوتا ئويۇنى ئىلى رايونىدا ئاساسەن «توي مەشرەپلىرى» دىلا ئوينىلىدۇ. باشقا جايلاردا بولسا مەشرەپنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىدە ئوينىلىۋېرىدۇ.

ئىلىدا ئوينىلىدىغان پوتا ئويۇنى توي كۈنى قىز ئولتۇرغۇزۇلغان ئۆيدە ئوينىلىدۇ. ئالدى بىلەن يىپەك يىپتىن «دەررە» ئېشىلىپ، ئويۇن باشلانغاندا يىگىت بېشى بېيىت ئارقىلىق ئۆزى خالىغان بىرەيلەنگە سۇنىدۇ، ئۇ كىشى دەررىنى ئېلىپ سورۇندىكى يەنە باشقا بىرەيلەنگە بېيىت ئارقىلىق سۇنىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ. بۇ ئويۇندا ئەگەر دەررىنى ئالغۇچى دەل ۋاقتىدا قوپالمىسا ياكى بېيىت ئېيتالمىسا كولۇشمەك بولىدۇ. بۇ ئويۇندا ئېيتىلىدىغان قوشاقلار ئاساسەن مۇھەببەت تېمىسىدىكى قوشاقلار بىرلۇپ، توي بولغان يىگىت-قىزنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا ئېيتىلىدۇ، دەررە ئويۇنى چاپچال ۋە غۇلجا ناھىيىسىدە كۆپرەك ئوينىلىدۇ. ئېيتىلىدىغان قوشاقلار تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

يىگىت:

شىلدىر-شىلدىر ئېرىقتا سۇلار ئاقىدۇ،
باغ ئارىلاپ سۈزۈلۈك سۇ كۆلگە باقىدۇ.
باغدا گۈلنىڭ خىلى كۆپ، گۈل ئۆزگىچە،
ھەر كۆڭۈلدە بىر گۈل بار، شۇ گۈل ئۆزگىچە.
«ئاق تام-كۆك تام» دېگەنتىم مۆكۈشمەك ئويناپ،
مانا تۇتتۇم گۈل پوتا سىزنىلا ئويلاپ.

قىز:

باغ ئارىلاپ سۈزۈلۈك سۇ گۈلگە باقىدۇ،
گۈلدىن ئاشقان بارچە سۇ كۆلگە ئاقىدۇ.
كۆل بويىدا بىر يىگىت چىراغ ياقىدۇ،
شۇ چىراغقا پەرۋانە ئۆزمەي ئاقىدۇ.

لىۋەي-لىۋەي ناخشىڭىز بىز بىر مەلىدە.
ئۆيىڭىزنى بىلمەن باغنىڭ كەينىدە.
گۈل پوتىنى ئالايمەن ئىككى قول بىلەن،
ئاندا-مۇندا كېپ تۇرۇڭ ھېلىقى يول بىلەن.

بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئويۇنلاردىن باشقا يەنە ئىلى مەشرەپلىرىدە «چىنىگۈل ئويۇنى»، «بۇرگەم لەپىرى»، «چەش بېيىتى ئېيتىش»، «چۈن-چۈن سالۋات» قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئويۇنلارنىڭ ھەممىسلا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ خۇش چاقچاق، ئويۇنغا ئامراق، سەنئەت خۇمار پىسخىك خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ، كىشىدە قىزىقىش ۋە ئېستېتىك زوق پەيدا قىلىدۇ.

مەشرەپ جازالىرى:

ئىلى مەشرەپنىڭ كىشىنى ئەڭ جەلب

قىلىنىدىغان، پۈتكۈل مەشرەپتە كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ سورۇننى قىزىتىدىغان قىسمى مەشرەپنىڭكى «جازا» دۇر. مەشرەپ جازالىرىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى سورۇندا كۈلكە قوزغاش ھەم بۇ ئارقىلىق ياشلارغا تەرتىپ-ئىنتىزام، ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىش.

مەشرەپنىڭ ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ. مەشرەپ جەريانىدا ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ مەشرەپ ئىنتىزامىنى خالىغانچە بۇزۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئەگەر كىمدە-كىم مەشرەپ-قائىدىسىنى بۇزىدىكەن، ئۇ كىشى قىلچە يۈز-خاتىرە قىلىنماي جازاغا تارتىلىدۇ. مەشرەپنىڭ جازالاش تەرتىپى مۇنداق:

مەشرەپ قائىدىسىنى بۇزغان كىشى سېزىلىپ قېلىشى بىلەنلا بىرەيلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن يىگىت بېشى ۋە مەشرەپ بېگىگە ئەرز قىلىدۇ. يىگىت بېشى بۇ ئىشنى مەشرەپ بېگىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. مەشرەپ بېگى پاششاپقا «گۇناھ-كار»نى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. پاششاپ ئىككى «نەۋكىرى» بىلەن «گۇناھكار»-نى سورۇنغا يالاپ ئېلىپ كېلىدۇ. مەشرەپ بېگى سوراق قىلغىنىدا گۇۋاھچىلار ئۆز دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەيىبلەنگۈچى ئۆز گۇناھىنى بويىنىغا ئالسا، مەشرەپ بېگى ھۆكۈم قىلغان جازا كۆپچىلىك تەرىپىدىن ماقۇل كۆرۈلۈپ پاششاپنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئەيىبلەنگۈچى ئۆز گۇناھىنى بويىنىغا ئالمىسا ياكى بېرىلگەن جازاغا قايىل بولمىسا كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بىلەن جازا يېنىكلىتىلىدۇ ياكى ئېغىرلىتىلىدۇ.

ئادەتتە ئەيىبلەنگۈچىگە بېرىلگەن جازا بەك ئېغىر بولۇپ كەتسە، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ دوستلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ جازانى يېنىكلىتىش-نى تەلەپ قىلىدۇ ياكى كېپىل بولۇپ ئۇنى جازادىن ئازاد قىلىدۇ.

مەشرەپتە بېرىلىدىغان جازالار بىرنەچچە خىل بولۇپ، ئۇلار ئىقتىسادىي جازا، تەن جازاسى، قوغلاش جازاسى، ئەمگەك جازاسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

ئىقتىسادىي جازا:

بۇ ئەيىبلەنگۈچىنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە ۋە ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بېرىلىدىغان جازا بولۇپ، ئەڭ ئېغىرى 30 ئوغۇلغا نۆۋەتتىن سىرت بىر قېتىملىق ناماقۇللۇق مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، يېنىكرەكلىرى كېلەر قېتىملىق مەشرەپ ئۈچۈن مېۋە-چېۋە، قەنت-گېزەك قاتارلىقلارنى ئەكېلىشتىن ئىبارەت. بۇ خىل جازالار كۆپىنچە مەشرەپكە سەۋەبسىز قاتناشمىغانلار ياكى كېچىكىپ قالغانلارغا بېرىلىدۇ.

قوغلاش جازاسى:

ئەڭ ئېغىر جازا مەشرەپتىن قوغلاپ چىقىرىش جازاسى بولۇپ، مەشرەپتىن قوغلانغان كىشىنىڭ ھەر قانداق جامائەت سورۇنلىرىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇ ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، «30 ئوغۇل»غا بىر قېتىملىق ناماقۇللۇق مەشرىپى بەرگىنىدىن كېيىنلا ئاندىن مەشرەپ سورۇنىغا قېتىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئەمگەك جازاسى:

بۇ «گۇناھكار»نىڭ ئۆز گۇناھىنى يۇيۇشى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا بولۇپ، ئاساسەن شۇ مەھەللىدىكى يېتىم-يېسىر، تۇل خوتۇن، قېرى، ئاجىزلارغا ئوتۇن يېرىپ بېرىش، سۈيىنى توشۇپ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆز گۇناھىنى يۇيۇپ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالىدۇ. بۇ خىل ئەمگەك جازاسى مەشرەپ ئەھلىنىڭ شۇ يۇرتتىكى ئابرويىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ قايىللىقى ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

تەن جازاسى:

بۇ خىل جازا كومىدىيىلىك تۈس ئالغان جازا بولۇپ، ئۇنىڭ يۇمۇرىستىك خاراكتېرى نىسبەتەن كۈچلۈك، كىشىلەردە كۈلكە قوزغاشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل جازا ئاساسەن مەشرەپ ئىچىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغۇچىلارغا ۋە سىرتتا جامائەت تەرتىپىنى بۇزۇپ ناشايان ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەيىبلەنگۈچى شۇ سورۇننىڭ ئۆزىدە جازاغا تارتىلىپ كۆپچىلىككە ئىبرەت قىلىنىدۇ. سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغۇچىلارغا بېرىلىدىغان تەن جازاسى كۆپ خىل ھەم قىزىقارلىق بولۇپ، كۆپرەك ئۇچرايدىغانلىرى «سامسا يېقىش»، «پىرە ئوينىتىش»، «جوۋازغا قېتىش»، «ئۆپكە قويۇش»، «كۆلدىن بېلىق سۈزۈش»، «مېۋىلىك باغدىن ئالما ئۈزۈش»، «سۈرىتىنى تامغا تارتىش»، «كال پىچاقتا گۆش توغراش»، «كاككۇك سايرىتىش»، «پاختەك ئۇچۇرۇش»، «ئەنجۈر يىگۈزۈش»، «توشقان تەپتى»، «كاۋا چاقتى»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «دەررىگە بېسىش»، «يۈزىگە كۆيە سۈركەپ سازايى قىلىش» قاتارلىقلار. مەشرەپ جازالىرى ئۆزىگە خاس كومىدىيەلىك تۈستە ئورۇنلىنىدۇ. مەسىلەن:

پىرە ئوينىتىش جازاسىدا جازالانغۇچىنى ئاق رەختكە يۆگەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، يۈزىگە قارا سۈركەيدۇ ۋە «30 ئوغۇل» تاۋاقلارنى داپ قىلىپ چېلىپ، ئۇنى ئورنىدىن قوپۇپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ.

كال پىچاقتا گۆش توغراش جازاسىدا بىرەيلەن جازالانغۇچىنىڭ ئىككى مەڭزىنى تۇتۇۋېلىپ، گۆش كەسكەن ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كۆپچىلىكنى كۈلدۈرىدۇ.

مەشرەپتىكى تەن جازالىرى ۋە ئۇنىڭ سالمىقى «گۇناھكار» نىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىنىڭ خاراكتېرىگە ۋە ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

مەسىلەن: مەشرەپ سورۇنىدا ئوغرىلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەنگۈچىلەرگە «مېۋىلىك باغدىن ئالما ئۈزۈش» جازاسى بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا تىكەنلىك شاختا ئالمىلارنى چىگىپ قويۇپ، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، ئالمىنى چىشى بىلەن ئۈزۈۋېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر جازالانغۇچى سەللا بىخەستەلىك قىلىدىكەن، شاختىكى تىكەنلەر يۈزىگە سانجىلىپ كېتىدۇ.

مەشرەپ سورۇنىدا ئۇخلاپ قالغانلارغا «يۈزىگە قارا سۈركەپ سازايى قىلىش» جازاسى بېرىلىدۇ. ئىلى رايونىدا قىش پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەر تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدۇ. ئەگەر قاتناشقۇچىلاردىن بىرەرى ئۇخلاپ قالسا، باشقىلار ئۇنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ، بېشىغا ياغلىق چىگىپ كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

مەشرەپ جازالىرى ئىچىدىكى «سۈرىتىنى تامغا تارتىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «توشقان تەپتى»، «كاۋا چاقتى» قاتارلىق جازالار سىرتتا قىز-ئاياللارغا قالايمىقان چاقچاق قىلغان، مەشرەپ سورۇنىدا ئىنتىزامنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغانلارغا بېرىلىدۇ.

مەشرەپ ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق جازالىرى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ئەخلاقىي تەرتىپنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قىزىقچىلىق پەيدا قىلىپ، سورۇننىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كىشىلەردە ئىشتىياق زوق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا مەشرەپ جازالىرى ئەينى ۋاقىتتا يەنە مەشرەپ ئويۇنلىرى ھېسابلىنىپ كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئۇ خەلق ئۆرپ-ئادىتى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ھۈنەر-كەسىپلىرىنىڭ مەشرەپتە بەدىئىي يۇمۇرىستىك پىسخىكىسىنى يەنىمۇ ئېنىق ئىپادىلىگەن.

## 2. تۈرلىرى:

ئىلى مەشرىپى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «30 ئوغۇل قاتارى مەشرىپى»، «توي مەشرىپى»، «ھېيت-بايرام مەشرىپى» «سەيلى (باراۋەت) مەشرەپلىرى»، «تائىپىلار (گۇرۇھلار) مەشرىپى»، «ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى» قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

1) «30 ئوغۇل قاتارى مەشرىپى»:

بۇ خىل مەشرەپ ئاساسەن 30 ئوغۇل مەشرەپ ئەھلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆتكۈزىدىغان مەشرىپى بولۇپ، قىش پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا يېزا-كەنت، مەھەللىدىكى «30 ئوغۇل مەشرىپى» گە قاتناشقۇچىلار ئارىسىدا نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭ دائىرىسى نىسبەتەن تارراق بولۇپ، سىرتتىن كىشى قاتناشتۇرۇلمايدۇ. بۇ خىل قاتارى مەشرەپ ئىككى ھەپتىدە بىر ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر قېتىمقى مەشرەپتە مەشرەپ ئويۇنلىرى ئوينالغاندىن باشقا يەنە مەشرەپ-قاتناشقۇچىلىرىنىڭ توي-تۆكۈن، ئۆلۈم يېتىم قاتارلىق مۇھىم ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

«30 ئوغۇل قاتارى مەشرىپى» يۇرت ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل ياشلار ئەنە شۇ مەشرەپ كوللېكتىپى ئەتراپىغا ئۇيۇشىدۇ.

2) «توي مەشرىپى»:

بۇ مەشرەپ توي مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ، توي ئىگىسى ئالدى بىلەن شۇ يۇرتتىكى 30 ئوغۇلغا ئايرىم «توي مەشرىپى» بېرىدۇ.

چۈنكى ئىلى رايونىدا «30 ئوغۇل قاتارى مەشرىپى» گە قاتناشقان كىشى يەككە ھالدا جامائەت سورۇنىغا قاتناشمايدۇ. مەيلى توي بولسۇن ياكى نەزىر-چىراغ ئىشلىرى بولسۇن ئۇلار ئۆز كوللېكتىپى بويىچە ئايرىم ئولتۇرىدۇ. شۇڭا توي ئىگىسى ئۇلارغا ئايرىم ھالدا «توي مەشرىپى» ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىشى شەرت. مانا بۇ ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولىدىغان تويلاردىكى ياشلارنىڭ چوڭلاردىن ئايرىم ئولتۇرىدىغان «يىگىت ئولتۇرۇشى» بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىرەرى ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولسا، ئوغلىنى 30 ئوغۇلغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. تويى بولىدىغان يىگىتنى ياشلار تويىدىن بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن ئۆيىدىن ئېلىپ كېتىپ تاكى توي تۈگىگىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. قىزنى كۆچۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغىمۇ «30 ئوغۇل» مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلار يىگىت بىلەن بىرلىكتە قىزنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپ، قىز تەرەپنىڭ «30 ئوغۇل» نى رازى قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. ھازىر چاپچال ناھىيىسىنىڭ قاينۇق يېزىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «30 ئوغۇل» نىڭ ئالدىدىن ئۆتمىگەن توي بۇزۇلىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولغاچقا، توي بولسا چوقۇم ئاۋۋال «30 ئوغۇل» نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئاندىن نىكاھ ئوقۇلىدىغان ئەھۋال ئومۇملاشقان. ئىلىنىڭ باشقا يېزىلىرىدىمۇ «30 ئوغۇل» غا «توي مەشرىپى» بېرىش ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت.

ئەگەر قىزنى ياتلىق قىلماقچى بولسىمۇ، يىگىت تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن باشقا يەنە شۇ مەھەللىدىكى «30 ئوغۇل» نىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى شەرت. شۇندىلا يىگىت تەرەپ قىزنى كۆچۈرۈشكە، كەلگەندە

شۇ مەھەللىنىڭ «30 ئوغلى» نىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇلار بىرلىكتە قىزنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

توي مەشرەپلىرىدە ئاساسەن «چۇن-چۇن-سالۋات قوشاقلىرى»، «هاي-هاي يولەن»، «يار سەنەم» قاتارلىقلار ئېيتىلىدۇ، «پوتا ئويۇنى» ئوينىلىدۇ.

3) «هېيت-بايرام مەشرەپلىرى»:

بۇ مەشرەپ ئاساسەن هېيت-بايرام قاتارلىق مۇراسىملاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ، داغدۇغىسى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ.

بۇ خىل مەشرەپلەرنىڭ ئاساسلىق تەييارلىقىنى «30 ئوغۇل» ئۈستىگە ئالىدۇ، شۇ يۇرت كىشىلىرى پۇل يىغىش قىلىدۇ. بۇ مەشرەپكە «30 ئوغۇل» دىن باشقا شۇ يۇرتتىكى كىشىلەرمۇ قاتنىشىدۇ. بۇ مەشرەپلەردە هەر خىل يۇرتتىكى ئەنئەنىۋى مەشرەپ پائالىيەتلىرىدىن باشقا يەنە يەرلىك ئاممىۋى سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن كۆرسىتىدۇ هەم تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن چېلىشىش، بەيگە قاتارلىقلارمۇ ئۆتكۈزۈلىدۇ، كۆپچىلىككە ئاش تارتىلىدۇ. هازىر بۇ مەشرەپلەر شۇ يېزا ياكى كەنتنىڭ ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانغان بولۇپ، يىلدا بىر ياكى ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

4) «تائىپلار مەشرىپى» (گۇرۇھلار مەشرىپى):

«تائىپلار مەشرىپى» ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاساسەن ياش قۇرامى ئوخشاش تەڭ دېمەتلىكلەر ئارىسىدا ۋە كەسىپداشلار ئارىسىدا تەكلىپ بويىچە بېرىلىدىغان مەشرەپ، «تائىپلار مەشرىپى» ياشلار ئارىسىدىمۇ، ئوتتۇرا ياشلىق ئەر-ئاياللار ئارىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەتتا مويسىپىت بوۋايلار ئارىسىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ، هەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قائىدىلىرى بار. مەسىلەن:

باللارنىڭ مەشرىپى باللارنىڭ ئۆزىگە يارىشا باللار ئويۇنلىرىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ مەشرەپلەرنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، باللارغا كىچىكىدىن باشلاپلا مەشرەپ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىش، ئۇلارنى ئەدەپ-ئەخلاقلىق، قائىدىلىك بولۇشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت.

قۇرامىغا يەتكەن ئەر-ئاياللارنىڭ مەشرىپى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدا بولىدىغان ئەر-ئاياللارنىڭ «تەكلىپ مەشرىپى» بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا هەر بىر جۈپ ئەر-ئايال بىر گۇرۇپپا بولۇپ، باشقىلارنى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىدۇ. بەزى يېزىلاردا ئەر-ئايال بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ مەشرەپ ئۆتكۈزسە، زور كۆپچىلىك يېزىلاردا ئەرلەر بىر ئۆيدە، ئاياللار بىر ئۆيدە ئايرىم ئولتۇرىدۇ. بۇ خىل مەشرەپلەر ئاساسەن قىش پەسلىدە هەپتىدە بىر قېتىم ياكى ئىككى هەپتىدە بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مويسىپىت بوۋايلار ئارىسىدا بولىدىغان مەشرەپ تۈرپاننىڭ «دادۇر مەشرىپى» گە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاساسەن بوۋايلار بىر جايغا توپلىنىپ كىتابخانلىق قىلىدۇ، قىزىقارلىق لەتىپە-چاقچاقلار بىلەن كۆڭۈل ئاچىدۇ.

5) «ناماقۇللۇق مەشرىپى» (جازا مەشرىپى)

بۇ قاتارى مەشرەپ ئىچىدىكى نۆۋەتتىن سىرت بېرىلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، مەشرەپتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغۇچى ئۆز سەۋەنلىكىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەشرەپ ئەھلىگە نۆۋەتتىن تاشقىرى بېرىدىغان بىر

قېتىملىق مەشرەپتىن ئىبارەت.

6) «ئاداۋەتنى يۇيۇش مەشرىپى»

بۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆملۈكنى، ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدا ئاداۋەتلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپ چاقىرىلىپ، يىگىت بېشى ئۇلارنىڭ ئاداۋەتلىشىپ قېلىش سەۋەبلىرىنى سورۇشتۇرغەندىن كېيىن، ئىككىيلەندىن بىر-بىرىنى كەچۈرۈپ ئاداۋەتنى يۇيۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغۇچى ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە چاي تۇتۇشقاندىن كېيىن بىر-بىرىنى كەچۈرگەن ھېسابلىنىپ كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئالقىشلىنىدۇ.

7) «سەيلە مەشرەپلىرى»

سەيلە مەشرەپلىرى ئىلى رايونىدا ئومۇميۈزلۈك ھالدا «باراۋەت مەشرەپلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

باراۋەت مەشرەپلىرى ئاساسەن سىرتلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان ئادەم سانى بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ، پەسىل ۋە شۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن بىرقانچە تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

①سېرىق چېچەك سەيلە مەشرىپى:

باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن، دېھقانلار يەرلەرنى ھايداپ ئۇرۇق چېچىپ بولغاندىن كېيىن باھارنى كۈتۈۋېلىش، شۇنىڭدەك شۇ يىللىق ھوسۇلنىڭ مول بولۇشى ئۈچۈن، شۇ يېزىدىكى مەنزىرىلىك جايغا يىغىلىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈدۇ. بۇ 4-ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، سېرىق چېچەكلەر ئېچىلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەشكە باشلىغان چاغ بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ «سېرىق چېچەك سەيلە مەشرىپى» دەپ ئاتىلىدۇ.

«سېرىق چېچەك سەيلە مەشرىپى» دە ئالدى بىلەن ھوسۇلنىڭ مول بولۇشىنى تىلەپ خەتمە قۇرئان قىلىدۇ، نەزىر بېرىلىدۇ. ئاندىن سېرىق چېچەك شەنىگە توقۇلغان قوشاقلار ئېيتىلىپ، «جەرەن سەكرىدى» قاتارلىق قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى ئوينىلىدۇ. ئادەتتە كۆپرەك ئېيتىلىدىغان «سېرىق چېچەك قوشاقلىرى» تۆۋەندىكىچە:

سېرىق چېچەك، سېرىق چېچەك،
ئېچىلماپسەن بۇ يىل پۈچەك.
سېرىق چېچەك، سېرىق چېچەك،
كۆزدە بولسۇن ماڭا پۈپچەك.

سېرىق چېچەك قوشاقلىرى خەلق تەرىپىدىن توقۇلىدۇ، مەزمۇن جەھەتتە ئوخشاشلا دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش تىلەكلىرى كۆيلىنىدۇ.

②قىزىل گۈل سەيلە مەشرىپى:

قىزىل گۈل سەيلە مەشرىپى ھەر يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرلىرى قىزىلگۈللەر ئېچىلغان مەزگىلدە يازنى قارشى ئېلىش مەقسىتىدە دەريا بويلىرىدا، ئورمانلىقلاردا، يايلاقلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مەشرەپ كۆپرەك ياشلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

قىزىلگۈل سەيلە مەشرىپىدە قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىگە گۈلدەستە تەييارلاپ، ئارىسىغا ئۆزىنىڭ مۇھەببەت مەكتۇپلىرىنى قىستۇرۇپ، ئۆزى كۆڭلى تارتقان ئادەمگە تۇتىدۇ، ئۆز ئارا قىزىلگۈل ھەققىدىكى قوشاق-بېيتلارنى ئېيتىشىپ، بىر-بىرىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ.

مەسىلەن:

يىگىت:

قىزىل گۈلۈم، قىزىل گۈلۈم،
خوپ پۈرايسەن قىزىل گۈلۈم.
سېنى پۈراپ قىسىپ ئالسام،
خوش كۆرەمسەن قىزىل گۈلۈم؟

قىز:

قىزىل گۈلنى ئۈزمەڭ يىگىت،
تىكىنىگە چىدالامسىز؟
قىزىل گۈلنى بۇلبۇل ئوخشاش،
پەرياد ئۇرۇپ سۆيەلەمسىز؟

قىزىلگۈل سەيلىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىۋاتقان ياشلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلىشىدىغان ئەنئەنىۋى پائالىيەت.

③ئۆرۈك سەيلىسى مەشرىپى:

غۇلجا ناھىيىسىدە 6-ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ جېلىلىيۈزىنىڭ ئاق ئۆرۈكى پىشىدۇ. مانا بۇ چاغدا «ئۆرۈك سەيلىسى مەشرىپى» بولىدۇ. بۇ چاغدا غۇلجا شەھىرىدىن ۋە ھەرقايسى ناھىيە-يېزىلاردىن جېلىلىيۈزىگە ئۆرۈك يېيىش ئۈچۈن تۈركۈم-تۈركۈم كىشىلەر چىقىدۇ. ئۇلار جېلىلىيۈزىنىڭ ئۆرۈكلۈك باغلىرىدا سورۇن تۈزەپ بىر تەرەپتىن ئۆرۈك يېگەچ، بىر تەرەپتىن ناخشا-ساز بىلەن بەزمە قىلىدۇ. بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ قائىدىلىرى ئانچە چىڭ بولمايدۇ. بۇ خىل مەشرەپ غۇلجا ناھىيىسىدىلا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، جېلىلىيۈزىنىڭ «ئۆرۈك ماكانى» بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن.

④قوغۇن سەيلىسى مەشرىپى:

كۈزدە قوغۇن-تاۋۇز پىشقان مەزگىللەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ خىل مەشرەپ شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت.

⑤ چەش مەشرىپى:

بۇ بۇغداي ئورۇلۇپ چەش ئۇزۇش مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشرەپ بولۇپ، بۇنىڭدا مەخسۇس «چەش قوشاقلىرى» ئېيتىلىدۇ. بۇ مەشرەپنىڭ مەقسىتى شۇ يىللىق مول ھوسۇلنى تەنتەنە قىلىشتىن ئىبارەت.

مەشرەپتە:

خۇدا بەرگەن چەش بەرگەن،
كۆكتىن كۆپكە ياغدى بەرگەت.
خىزىر كەلگەن پىرى ئەزەم،
خامان بولسۇن دەريا ئەزەم.
ئىشنىڭ بېشى لىللا دەپ،
چەش چەشلىدىم بىسمىللا دەپ.

دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلار ئېيتىلىدۇ.

«چەش مەشرىپى» ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بىرقەدەر قەدىمكى مەشرەپلەردىن بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئەجدادلار روھىغا ۋە كۆك تەڭرىسىگە ئېتىقاد قىلىش قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئىلى مەشرىپىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش شەكلى ۋە ئورنى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بويىچە يەنە «ئائىلە مەشرىپى»، «ھويلا مەشرىپى»، «باش مەشرىپى»، «يايلاق-تاغ مەشرىپى» قاتارلىق خىللىرىمۇ بار. بۇلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالمايمىز.

## ئىلى مەشرىپى خەلقنىڭ سەنئەت مەكتىپى

ئىلى مەشرىپى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنمۇ ئۇيغۇر سەنئىتىنى بېيىتىپ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى، ئۇيغۇر تۇرمۇشىنى سەنئەتلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بەردى. شۇنداقلا ئۇيغۇر ئۆرپ-ئا-

دىتى، خاراكتېرى، تەپەككۇر شەكلى، پىخسىك ئالاھىدىلىكى مەشرەپتە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەندى. جۈملىدىن ئىلى مەشرىپى ئىلى سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە راۋاجىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

(1) «ئىلى مەشرىپى» خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە ئۇسۇپ يېتىلىش مەكتىپى بولدى.

ھازىرغا قەدەر ئىلىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق خەلق ناخشىچىلىرى، مەشھۇر سازەندىلەر، ئۇسسۇلچىلار، چاقچاقچىلار، مەدداھلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىش باسقۇچىنى ئەسلىگىنىدە ئىپتىخارلىق بىلەن «مېنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەنئەت مەكتىپىم مەشرەپ ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئىلى رايونىدا راۋاجلىنىشىغا كۆپ ھەسسە قوشقان مەشھۇر خەلق مۇقامچىسى مۇھەممەت موللا كاروشاڭ ئاخۇنۇم، مەشھۇر مۇقامچى مەتتاھىر ھەسەن، ھاسان تەمبۇر، ھۇسەيىن تەمبۇر، نادىر غىجەك، ئىسمائىل دۇتار، روزى تەمبۇر قاتارلىق مۇقامچىلار، ناخشىچىلاردىن مەسۇم توقۇم، مەشرەپ پالڭ، ئاقتىيىپ، مەھەممەت تۇرغۇن، داۋۇت توكۇر، ھۇسەيىن بەگ، جالام بايۋەچچە، مەشراخۇن ۋە زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، داۋۇتجان ناسىرى قاتارلىقلار، مەشھۇر شائىر ھەم ئارتىس قاسىمجان قەمبىرى، رېژىسسور جالالىدىن يەھيا، مۇزىكانت زىكرى ئەلپاتتا، ھۇسەنجان جامى قاتارلىق سەنئەتكارلارنىڭ ئۇسۇپ يېتىلىش بازىسى ۋە سەنئەت ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان سورۇن مەشرەپ بولغان ئىدى.

(2) ئىلى مەشرىپى ئىلى سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى بۆشۈك. ئىلى ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئىلى سەنىتىنىڭ ئىلى رايونىدا راۋاجلىنىشى ئەڭ دەسلەپتە ئىلى مەشرەپلىرىدىن ئىبارەت مۇشۇ سورۇندىن باشلانغان. چۈنكى مەشھۇر خەلق سەنئەتكارلىرى مەشرەپتىن ئىبارەت مۇشۇ سورۇننى مەيدان قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتەرگەن، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ ئىلىدىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئۇنى تولۇقلاپ بېيىتقان. ئىلى سەنئىتى مەشرەپتىن ئىبارەت مۇشۇ سەھنىدە رەتلىنىپ، سىستېمىلىشىپ، ئۆزگىچە سەنئەت شەكلىگە ئىگە بولغان. ئىلى مەشرىپىدىكى «توشقان ئوۋلاش» «جەرەن سەكرىدى»، «بورگەم» قاتارلىق لەپەرلەر قىزىقارلىق ھەم شوخ بولۇپ، ئۇسسۇل ئوينىغۇچىدىن يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا مەشرەپتىكى ئۇسسۇلچىلار ئادەتتە نىسبەتەن پىششىقان، يېتىلگەن خەلق ئۇسسۇلچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئىلى ئۇسسۇلىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە تۆھپە قوشتى، ئاخىرقى ھېسابتا ئىلى سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم ئاساس سالدى.

مەشرەپ يەنە ئىلى ناخشىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىكى مۇنبەت تۇپراق.

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، جاراڭلىق، مەردانە خەلق ناخشىلىرىنى ياراتتى. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ رەھىمسىز ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى، زالىم ھۆكۈمرانلارغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەمگەك سۆيەر روھىنى ئىپادىلەيدىغان «ھارۋىكەش ناخشىلىرى»، «كۆچ-كۆچ قوشاقلىرى»، «خالڭ ناخشىلىرى»، «سادىر پالۋان ناخشىلىرى»، «ئېلاخۇن ناخشىلىرى»، «كوچا ناخشىلىرى»، «نوزۇگۇم»، «گۈلەمخان»، «مايىمخان»

قاتارلىق خەلق ناخشا-قوشاقلىرى، داستانلىرى مەشرەپتە دۇنياغا كېلىپ، مەشرەپ ئارقىلىق خەلق ئارىسىغا تارىلىپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەردانە ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى شەكىللەندۈردى.

(3) ئىلى مەشرىپى ئىلى چاقچاقلىرىنىڭ تارقىلىش سورۇنى. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ پىسخىك خاراكتېرى خۇش پېئىل، چاقچاققا ھېرىس، يۇمۇرىستىك بولۇپ، ئۇلار ناخشىنى قانداق ياخشى كۆرسە، چاقچاقنىمۇ شۇنچە ئىشتىياق باغلىغان، ئۇلارنىڭ ھاياتى بىر كۈنمۇ چاقچاقسىز ئۆتمىگەن. بۇ خىل پىسخىك ئالاھىدىلىك ئىلى رايونىدا ئۆزگىچە بولغان ئىلى چاقچاقلىرىنى ۋە مەشھۇر چاقچاقچىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىلى رايونىدا ئۆتكەن چاقچاقچىلاردىن ياقۇپ پوچى، باۋخان كور، ھازىرقى زامان چاقچاقچىلىرىدىن ھېسامىدىن ئاكا قاتارلىقلار مەشرەپتىن ئىبارەت مۇشۇ سورۇندا جامائەتكە تونۇلغان. ئىلى رايونىدىكى ھەرقايسى ناھىيە-يېزىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا چاقچاقچىلىرى بولۇپ، ئۇلار چاقچاق ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ناچار خاھىش، ناچار ئىللەتلەرنى پاش قىلغان. بۇ ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، كۆڭۈل ئېچىپ كەيپىياتنى يۇقىرى كۆتەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنى تەربىيلەش مەقسىتىگە يەتكەن.

(4) ئىلى مەشرىپى ئىلى تىياتىرچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم ئىجتىمائىي ئاساس ياراتتى. ئىلى مەشرىپىدىكى خىلمۇخىل ئويۇنلار «گۈلچاي ئويۇنى»، «پوتا ئويۇنى» ۋە «جازا ئويۇنى» قاتارلىقلار قويۇق كومېدىيىلىك تۈس ئالغان بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان قىزىقارلىق كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەرنى نامايەن قىلىدۇ. مەشرەپتىكى ھەر بىر جازا تۈرى ئەمەلىيەتتە بىر قىزىقارلىق كومېدىيىلىك ئېپىزوت بولۇپ، شۇ سورۇندا ئولتۇرغان ھەرقانداق بىرەيلەن بۇ ئويۇننىڭ باش قەھرىمانى بولالايدۇ. مانا بۇلار يەرلىك تىياتىرلارنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىلى تىياتىر سەنئىتىنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا قارىغاندا بىرقەدەر بۇرۇنراق بارلىققا كېلىشى ۋە تېز تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىدى. ئەمەلىيەتتە مەشرەپنىڭ ئۆزىمۇ قاتناشقۇچىلىرى، مۇزىكا، ناخشا-ئۇسسۇللىرى تەل بولغان چوڭ ھەجىملىك ئۇنىۋېرسال ئاممىۋى تىياتىردىن ئىبارەت.

قىسقىسى ئىلى مەشرىپى ئۆزىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەر بىر كارتىنىسىنى يۈكسەك بەدىئىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەردى. مەشرەپ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تەرەققىياتىدا مەڭگۈ خورىماس ئىجتىمائىي تۇپراق بولۇپ قالدى. ئۇنى مىللىتىمىزنىڭ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى سەنئەت مەكتىپى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

## ئىلى مەشرىپىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى

ئىلى مەشرىپى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ زور ئىجتىمائىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇجەسسىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەپەككۇرى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى روشەن ئىپادىلەندى. ئىلى مەشرىپىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە رولى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

1) تارىخىي ئەھمىيىتى:

ئىلى مەشرىپى نۇرغۇنلىغان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ كېلىش جەريانىدا بۈگۈنكىدەك مۇكەممەل، سىستېملاشقان ھالەتكە كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر تۈرى، ھەر بىر شەكلى ۋە ھەر بىر ئېپىزوتلىرىدىنمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئىزلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى مەشرەپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنىڭ ئۆزى بىر تارىخ بولۇپ، مەشرەپتىكى ھەر بىر جەريان ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدىكى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن: ئىلى مەشرەپلىرىدىكى تۆگە، غاز ئويۇنلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، توتېم ئېتىقادىنىڭ مەھسۇلى.

2) تەربىيىۋى ئەھمىيىتى:

ئىلى مەشرىپى خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە. ئۇ خەلق ئارىسىدا پىشىپ يېتىلگەن بولۇپ، خەلق ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى، تۇرمۇشتا بولغان كۆزقاراشلىرىنى مەشرەپكە سىڭدۈرگەن. ئۇنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم سورۇنى قىلغان. ئىلى مەشرىپىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ:

① ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىنلا ئەدەپ-ئەخلاقنى قەدىرلەپ، ئۇنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇلار پەرزەنتلىرىنىڭمۇ مۇشۇ گۈزەل ئەخلاقنى داۋاملاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەشرەپ بۇ خىل ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىشتىكى ئاممىۋى سورۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى ئىنتىزامى ناھايىتى چىڭ بولغان دەرسخانىنى ئەسلىتىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقان ھەرقانداق كىشىنىڭ مەشرەپ قائىدىلىرىنى خالىغانچە بۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئەگەر كىمكى قائىدىنى بۇزسا، قىلچە يۈز-خاتىرە قىلىنماي جازاغا تارتىلىدۇ. بۇ خىل جازالار ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئەخلاق تەربىيىسى بولۇپ، ئۇ ياشلار ئارىسىدىكى ناچار ئىللەت، ناچار خاھىشلارنى تەنقىتلەش ۋە تۈگىتىشتىكى ئۈنۈملۈك چارە.

باللار ۋە ياشلار تەربىيىسى پەقەتلا ھەر بىر ئائىلىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئەگەر بىر مىللەت ئۆز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، ئاقىۋەتتە ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىمۇ يوقىلىدۇ. باللارنى يۈكسەك پەزىلەتكە، مول مەنىۋى بىلىمگە ئىگە قىلىش ئاتا-ئانىنىڭ جەمئىيەت ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى. ئاتا-بوۋىلىرىمىز بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ياخشى تونۇپ يەتكەنىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە پۈتكۈل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. جۈملىدىن مەشرەپنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ بىر قاتار تەرتىپ-قائىدىلەر ئارقىلىق ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلغان.

② مەشرەپ ئۆزىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ياشلارغا بىلىم بېرىش، ئۇلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەشرەپتە ئېيتىلىدىغان مۇقام-ناخشىلار ئەمەلىيەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن زامانلار جەريانىدا جاپالىق ئىزلىنىش، ئىجاد قىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى، بۇ ناخشىلار مەشرەپلەردە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەتتە ئېيتىلىپ، ياشلارنى مەشرەپتىن

ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي مەكتەپتە مىللىتىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىدىن بەھىر ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار مەشرەپكە قاتنىشىش ئارقىلىق ناخشا-مۇزىكىلارنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت تالانتىنى يېتىلدۈرسە، تۈرلۈك قوشاق-بېيىتلارنى ئېيتىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىي ماھارىتىنى ئاشۇرىدۇ.

③ مەشرەپ كوللېكتىۋىزملىق روھنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەممە يلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش چىقارغاندىلا، ئاندىن مەشرەپتىن ئىبارەت ئاممىۋى خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان بۇ پائالىيەتنى ياخشى ئۇيۇشتۇرغىلى بولىدۇ. مەشرەپتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك ياشلاردا مۇستەھكەم ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا ئاندىن بىر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت كوللېكتىۋىزملىق روھنى يېتىلدۈرىدۇ.

مەشرەپ ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامى، مول مەزمۇنلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئىتى، گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسى بىلەن ياشلارنى تەربىيىلىگەنلىكى ئۈچۈن كىشلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇڭا كىشلەر ئارىسىدا «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز تارقالغان بولۇپ، بۇ سۆز مەشرەپنىڭ مانا مۇشۇ خىل ئەنئەنىۋى تەربىيىۋى رولىغا قارىتىلغان.

3) كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئىستېتىك رولى:

مەشرەپ ئوينىشتىكى مەقسەتلەرنىڭ يەنە بىرى، كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ، خۇشال كەيپىيات يارىتىپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل، مەنىلىك تۇسكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى جانلاندۇرۇشتۇر. مەشرەپتىكى مۇڭلۇق مۇقاملار، مەردانە ناخشىلار كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ھاياجانلاندۇرسا، لەرزان، شوخ ئۇسسۇللار كۆڭۈلنى كۆتۈرۈپ كىشلەرنى خۇشال كەيپىياتقا چۆمدۈرىدۇ، تۇرمۇشتىكى ھارغىنلىقلارنى، تارتقان ئازابلارنى، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. لەتىپە-چاقچاقلار كىشلەرنى كۈلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە تەلپۈنۈشىنى كۈچەيتىدۇ. تۈرلۈك كومېدىيىلىك ئويۇنلار كىشلەرنى شادلاندۇرۇپ مول ئىستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

ئەنە شۇنداق بولغاچقا مەشرەپ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۇيۇنلىپ راۋاجلىنىپ كەلمەكتە، يېڭىدىن-يېڭى مەزمۇنلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، بارغانسېرى بېيىپ، بۈگۈنكىدەك سىستېمىلىق، بىر پۈتۈن قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بولغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلانماقتا.

دېمەك، مەشرەپ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر قىلىدىغان، ئۆرپ-ئادەت تۈسىنى ئالغان بىر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇلى مەشرەپ ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى.

خۇلاسە قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان ئىلى مەشرىپى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئۆزىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشنى سۆيۈشتەك گۈزەل پەزىلىتىنى نامايەن قىلدى. ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئىلى ۋادىسىدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت زېمىندا مول ماددىي بايلىق يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق مەنىۋى بايلىق ياراتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر كارتىنىسى بولغان ئىلى مەشرەپلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ئىلى مەشرىپى ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادىتى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي يۇغۇرۇلمىسى. بىز ئۇنى داۋاملىق قېزىشىمىز، تەتقىق قىلىشىمىز ۋە يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

# ئالتۇنتاغ ھەققىدە رىۋايەت

كىروران ۋە پىشامشان پادىشاھلىقلىرى پەيدا بولۇشتىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى بۇ جاينىڭ جەنۇبى دولقۇنلاپ تۇرىدىغان، چەكسىز كەتكەن دېڭىز ئىكەن. بۇ جايدىكى كىشىلەر مۇشۇ دېڭىزدىن بېلىق تۇتۇپ ۋە ئەتراپتىن ئوۋ ئوۋلاپ، ھالال ئەمگەك بىلەن ئىناق تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى تۇساتتىنلا دېڭىز سۈيى چايقىلىپ، پۈتكۈل دېڭىز دەھشەتلىك دولقۇنلاشقا باشلاپتۇ. ئارقىدىنلا دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ھور كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك گۈلدۈرماما پەيدا بوپتۇ. ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ باقمىغان بېلىقچىلار قورققىنىدىن تورلىرىنى تاشلاپ جاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قېچىپتۇ، ئاز ساندىكىلىرى ئامان قاپتۇ، كۆپ ساندىكىلىرى دېڭىزنىڭ شىددەتلىك دولقۇنىدا ھالاك بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن كىشىلەر قارىغۇدەك بولسا، دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ساپسېرىق بىر تاغ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. تاغنىڭ ئەتراپىدىكى سۇ بولسا ۋاراقشىپ قايناۋاتقۇدەك، ئۆلگەن بېلىقلارنىڭ تولۇلىقىدىن سۇ يۈزى كۆرۈنمەپتۇ. پۈتكۈل ئالەم تونۇردەك قىزىپ كېتىپتۇ.

كىشىلەر بۇ سېرىق تاغنىڭ سىرى ئۈستىدە تالاش-تارتىشقا چۈشۈپتۇ. بەزىلەر «بۇ تەڭرىنىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتى» دېسە، بەزىلەر «بۇ ئالامەتلەر زېمىننىڭ كۆيۈشىنىڭ بىشارىتى» دەپ جەزىم قىلىپتۇ. قانداقلا قىلمىسۇن ئۇلار بۇ سېرىق تاغنىڭ سىرىنى يېشەلمەپتۇ. ئاخىرى بۇ سېرىق تاغنىڭ سىرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن تاغ يۈرەك پالۋانلارنى ماڭدۇرۇپتۇ. بۇ تاغقا بېرىشتا پەقەت سۇ يولى بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلگەچكە، پالۋانلار كېمە بىلەن مېڭىپ مۇشەققەتتە تاغقا يېقىنلىشىپتۇ. يېقىن بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، پارقىراپ تۇرغان سېرىق تاغنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ئالتۇن ئىكەن. پالۋانلار ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىپ، پۇت-قوللىرىنىڭ بارماقلىرىنى كېسىپ قان قىپتۇ. ئاندىن قىلىچ، خەنجەرلىرى بىلەن كېسىپ ئادەم بېشىدەك، ئات كاللىسىدەك چوڭلۇقتىكى ئالتۇنلارنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ تاغنىڭ سىرى ئاخىرى ئېچىلىپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۆز ئېھتىياجىغا چۈشلۇق ئالتۇن ئېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈزۈك، بىلەزۈك ۋە زىرە ياساپ خوتۇن-قىزلىرىغا زىننەت بۇيۇملىرى قىلىپ بېرىپتۇ، ھەتتا ئۆي سەرەمجانلىرىنىمۇ ئالتۇندىن ياساۋاپتۇ، ئېشىنغانلىرىنى سېتىپ باياشات ياشاپتۇ. كېيىنچە «پالانچى يەردە ئالتۇن تاغ پەيدا بولۇپتۇ، تاغنىڭ ھەممىلا يېرى ئالتۇن ئىكەن» دېگەن خەۋەر قۇلاقتىن قۇلاققا ئۆتۈپ، تېزلا يىراق-يېقىندىكى ئەللەرگە تارقىلىپتۇ. بەزى ئەللەر خەلقى ئۆز دۆلىتىدە تۇرۇپمۇ ساپسېرىق نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇنلارنى چۈشەپ ياتالماپتۇ.

ھەممىلا جايدا ئالتۇنتاغنىڭ شۆھرىتى پۇر كېتىپتۇ. ئالتۇن ئېلىش، ئالتۇنتاغنى

كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسىدە تەرەپ-تەرەپتىن نەچچە-نەچچە تۈمەنلىگەن ئادەم ئالتۇنتاغ تەرەپكە ئېقىپتۇ. ئالتۇنتاغ كىشىلەر توپى قايىنىمىدا قاپتۇ. توپلانغان كىشىلەر ساپسېرىق ئالتۇننى كۆرۈپ نىيىتىنى بۇزۇپ، ئۆزئارا قىزغىنىشىپ، ئالتۇنتاغنى بۇلىشىۋاپتۇ. كىشىلەر كۆپەيگىنىچە ئالتۇنتاغ يېنىشمەي جېدەل-ماجىرا تۇغۇلۇپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق باشلىنىپتۇ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ. ئالتۇن ئۈچۈن بىگۇناھ ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكى تاغدەك دۆۋىلىنىپ، قانلىرى ئېقىن ياساپ تۆۋەنگە ئېقىشقا باشلاپتۇ، تاغ قاپتاللىرى، چوققىلار قىپقىزىل قانغا بويىلىپتۇ.

ئىنسانلارنىڭ بۇ قەبىھ زوراۋانلىقى ئاخىرى تەڭرىنى غەزەپلەندۈرۈپتۇ. تەڭرىم ئىنسانلارنى ئازدۇرۇپ، يولدىن چىقارغان ئالتۇنتاغنى يەر يۈزىدىن يوقىتىۋەتمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن، ئالتۇنتاغنىڭ يەر يۈزىدىن زادىلا يوقىغۇسى كەلمەپتۇ. شۇڭا ئۇ تەڭرىگە نالە قىلىپ:

— ئەي تەڭرى، ئۇلار ئەسلىدىلا تەقۋادار ۋە ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان خەلق ئىدى. قان تۆككىنى سىرتتىن كەلگەن ئاچكۆزلەر. باغرىمدىكى خەلقىمنى ئويلا، ئۇلارنى ياراتقاندىكى ئەقىدەڭگە ۋاپا قىل، — دەپ ھەسرەتلىنىپ تولغىنىپتۇ.

تەڭرى ئويلىنىپ ئاخىرى مۇنداق خىتاب قىپتۇ:

— ئەي ئالتۇنتاغ، ھازىردىن باشلاپ سەن تاغقا ئايلان! ئالتۇنلىرىڭ تاغ قومۇچىغا سىڭىپ كەتسۇن! ئۇنى ئىنسانلار ئېھتىياجىغا چۈشلۈق بىر-بىرلەپ ئالسۇن!

تەڭرىنىڭ خىتابى بىلەن تەڭ ئالتۇنتاغنىڭ كۆپ قىسمى كېرەكسىز تاغلارغا ئايلىنىپتۇ. ئاز بىر قىسمى تاش-شېغىللار ئارىسىغا سىڭىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا لەئلى، ياقۇت، ھەتتا ئالتۇندىنمۇ قىممەت تاشلارغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بۇ تاغنى «ئالتۇنتاغ» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. ئالتۇنتاغ پەيدا بولۇپ شۇنچە يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ تاغقا چىقىپ ئالتۇن كولايدىكەن، ئەمما بۇ ئالتۇنلار تېخىچە تۈگىمەپتۇ.

ئالتۇنتاغنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ دېڭىز سۈيى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، سۈمۇ كۆپ ئازلاپتۇ. كېيىنچە كىشىلەر بۇ تاغنىڭ شىمالىغا يىغىلغان سۈنى يۇلتۇز كۆلى، جەنۇبىغا يىغىلغان سۈنى بولسا كۆكنۇر كۆلى دەپ ئاتاپتۇ.

توپلىغۇچى: ئابدۇرېشىت راخمان
ياسىن زەيدۇن

ئۆتكەن ساندىكى تېپىشماقلىق چۆچەك «گۆھەرنى قانداق قىلىش كېرەك؟» نىڭ جاۋابى:

مۆتىۋەر كىشى گۆھەرنى ئۈچ ئوغۇلنىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدىن ساقلاپ، ئاشۇ بويىچە ئۆمۈرۋايەت ئايلاندۇرۇپ تۇرۇشنى، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىنى كۈندە ئىزدىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان؛ ئۇلار بۇ مەسىلىھەتكە قوشۇلغاندىن كېيىن شەرتنىڭ بۇزۇلمايدىغانلىقىغا قەسەم قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ چارە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قېلىپ، گۆھەر يېتىمگەن ۋە خاسىيىتىنى يوقاتمىغان.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، جاۋابنى سىزمۇ توغرا تېپىپسىزمۇ؟

# كېيىك خانىش

(چۆچەك)

ئالەم يېڭىدىن بىنا بولغان، ئادەم ئەمدىلەتىن ئەقىل تېپىپ ئادەم بولغان ناھايىتى يىراق بىر زاماندا، ھازىرقىلار ئۈچۈن دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكى ئىكەنلىكى سىر بولغان بىر ماكاندا، بىر پادىشاھ ياشىغانىكەن. پادىشاھ 40 ياشقا كىرگەندە تەڭرىنىڭ ئۇنىڭ تەلەپ-ئىلتىجالىرىنى راۋا قىلىپ بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىپتۇ. پادىشاھ 20 يىللىق تىلەك، ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، پۈتۈن يۇرت خەلقىگە 40 كۈن بايرام قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن-كۈمۈشـ ـە تولغان خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇستى-ئۇستىلەپ خەيرى-ساخاۋەتلەر-ى قىلىپتۇ. غېرىب-مىسكىن، يېتىم-ئاجىزلار-نىڭ بېشىدىن جاۋاھىراتلارنى چاچقۇ قىلىپ چېچىپتۇ. خالايىق پادىشاھنىڭ بۇ ياخشى مەرھەمىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چەكسىز ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە پادىشاھنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوغلىغا ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت-دۆلەت تىلەپ ئىبادەتلەر قىلىپتۇ. 40 كۈن شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇكى، پۈتۈن شەھەردە كۈلمىگەن، ناخشا ئېيتمىغان، ئۇسسۇل ئوينىمىغان بىرمۇ ئادەم قالماپتۇ، كىم نېمىنى يېگۈسى كەلسە شۇنى يەپتۇ، نېمىنى كىيگۈسى كەلسە شۇنى كىيىپتۇ، قىسقىسى، ھېچكىم ھېچكىمگە چەك قويماپتۇ. ئادەملەر بىراقلا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك، ئۆزلىرىنى پەرىشتىگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىپتۇ. بايرامنىڭ 40-كۈنى پادىشاھ تېخىمۇ كاتتا توي تارتىپ، ئوغلىغا ئىسىم قويماقچى بولۇپتۇ. ئوغلىغا زادى نېمە دەپ ئىسىم قويۇش ھەققىدە كۆپ تالاش-تارتىش بولۇپتۇ. ھەركىم ئۆز كۆڭلىدىكى ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئۇنداق دەپ، مۇنداق دەپ زادى بىرلىككە كېلەلمەپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يۇرتتىكى ھەممە كىشى ھۆرمەتلەيدىغان دانىشمەن بوۋاي مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىمىز 40 ياشقا كىرگەندە ئىگەم بىر مۇبارەك ئوغۇل ئاتا قىلدى، بۇ خاسىيەتلىك ئوغۇل يالغۇز ئۇلۇغ شاھىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. 40كۈندىن بېرى خەلقلەر ئالەم ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان كۆرمىگەن ياخشى كۈنلەرنى كۆردى. غېرىبلار باي، دەرۋىشلەر غېنى بولدى، ھەممە ئادەم خۇددى ئۆزىنى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشماقتا. شۈكرى، بۇ سۆيۈملۈك شاھزادە، شەۋكەتلىك تاجۇ-تەختىمىزنىڭ ۋارىسى بىزگە بېھىشتەك بەخت ئاتا قىلدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى جەننەت ئاتا قىلغۇچى دېگەن مەنىدە بېھىشتا قويساق.

بۇ تەكلىپ پادىشاھ، خانىش، بارلىق ۋەزىر-ئەمىر ھەمدە جىمىكى خالايىققا ماقۇل كېلىپ، شاھزادىگە بېھىشتا دەپ ئىسىم قويۇلۇپتۇ. مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ كىشىلەر خۇرجۇن-خۇرجۇن ئالتۇن-كۈمۈشلەر، تىللا، تەڭگىلەرنى يۇدۇشۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

يىللار يىللارغا ئۇرۇن بوشىتىپ كۆزنى

يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە بېھىشئاتا يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئايدەك چىرايى بارغانچە ئۇزلىشىپ كېتىپتۇ. ئەقلى ئادەمنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆتكۈر بولۇپ يېتىلىپتۇ. پادىشاھ تەرەپ-تەرەپكە پەرمانلار چۈشۈرۈپ دانىشمەن-ئالىملارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ شاھزادىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ.

دانىشمەن ئۇستازلار شاھزادىگە پۈتۈن دىلىدىن بېرىلىپ تەلىم بېرىپتۇ. يىللار ئۆتۈپ شاھزادە ئون بەش ياشقا توشۇپتۇ. ئۇستازلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆگەتكۇدەك ئىلمى قالماپتۇ. شاھزادە ئىلىم-ھېكمەتتە، ئەقىل-پاراسەتتە، جەڭ-ماھارەتتە كامالەتكە يېتىپتۇ. «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك، شاھزادىنىڭ ھۆسنىگە يارىشا ئەقلى، ئەقلىگە يارىشا ھۆسنى بىر-بىرىگە يارىشىپ ئۇنى غۇبارسىز پاك قاشتېشىدەك قىلىۋېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شاھزادە پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، 40 يىگىتنى كەينىگە سېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ. يىگىتلەر يولۋاس، يىلپىزلارنى ئوۋلاپتۇ. ھەرخىل قۇشلارنى تۇتۇپتۇ. شاھزادە ئوۋدا قۇرداشلىرىغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ غەنىمەتلەرنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. كەڭ دالىنىڭ ھاۋاسى، رەڭمۇرەڭ جانلىقلار، چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق شاھزادىنىڭ زېھنىنى تېخىمۇ ئېچىپتۇ. شاھزادە يىگىتلەر بىلەن شۇنداق خۇشال-خورام ئوۋ ئوۋلاپ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ تۈنەمەكچى بولۇپتۇ. يىگىتلەر گۈلخانلارنى يېقىپ، كېيىك گۆشلىرىدە كاۋاپلارنى پىشۇرۇپ، خۇش بۇي مەيلەرنى ئىچىپ ئاي يورۇقىدا شاد بەزمىلەرنى قۇرۇپتۇ. يىگىتلەر بىر ھازا شادىيانە بەزمىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن بىر-بىرلەپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شاھزادىنىمۇ يۇلتۇزلارنىڭ چىرايلىق جىمىرلاشلىرىغا قاراپ كۆزىنى يېرىم يۇمغان ھالدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شاھزادە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ھېلىقى دەريا بويىدا شاھزادە ئۆزى يالغۇز تۇرارمىش، ئاي شۇنداق چىرايلىق نۇرلىنىپ ئالەمنى يورۇتارمىش، سۈزۈك سۇ تېگىدە ئالتۇن بېلىقلار ئويناپ يۈرەرمىش. شاھزادە ھەمراھلىرىم نەگە كەتكەندۇ، دەپ دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ يول ئالارمىش، شۇ چاغدا سۇنىڭ يۈزىدە بىر گۈزەل ساھىبجامالنىڭ شولىسى كۆرۈنەرمىش. شاھزادە سەگەكلىشىپ ئەتراپقا قارىسا ھېچكىم يوقمىش، سۇغا قارىسا ھېلىقى گۈزەل سىما بارغانچە جىلۋىلىنىپ، دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرارمىش، شاھزادىنىڭ يۈرىكىگە غايىۋانە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ قوللىرىنى دەرياغا سۇنۇپ ساھىبجامالنى چاقىرارمىش، ئەمما، گۈزەل سىما كۈلۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەسمىش، شاھزادە تېخىمۇ بىتاقەت بولۇپ ئاسمانغا قارىسا، بۇ گۈزەل دىلرەبا ئاي ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرارمىش، شۇ چاغ ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن يالقۇنغان بىر ئوت شاھزادىنىڭ باغرىغا تېگىپ، شاھزادە ھوشىدىن كېتەرمىش، كېيىن شاھزادە شوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا ھېلىقى گۈزەل پەرىشتە خۇيلۇق جانان ئۆزىنىڭ بېشىنى ئىللىق قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈز-كۆزلىرىنى سىيلاپ ئولتۇرارمىش. شاھزادە ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

— ئەي، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق مەلىكەم، ئۆزلىرى ئاينىڭ قىزىمۇ ياكى كۈننىڭ قىزىمۇ، ئىنسانمۇ ياكى ھۆرى-غىلمانمۇ، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيلا؟ — دەپ سورارمىش. مەلىكە ھېچ بىر گەپ قىلماي

تۇرارمىش، شاھزادە كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياشلارنى تۆكۈپ قىزنىڭ كىملىكىنى تەكرار سورارمىش. ئەمما، قىز كۈلۈپلا قويۇپ جاۋاب بەرمەسمىش، شاھزادە ياشلىرىنى توختىتالماي قىزغا مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلارمىش. دىلرەبا مەلىكە ئاخىرىدا:

— ئەي پاك دىل شاھزادەم، مەندىن ئارتۇق گەپ سورىماڭ، باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن، سەت بولىدۇ. دېگەنلىرىڭىز راست بولسا كېيىن بۇ يەرگە يالغۇز كېلىپ، مېنى مۇشۇ دەريانىڭ بويلىرىدىن ئىزلەڭ، — دەرمىش-تە، كۆزدىن غايىپ بولارمىش.

شاھزادە «مەلىكەم!» دېگىنىچە ۋارقىراپ ئويغىنىپتۇ. يىگىتلەر چۆچۈشۈپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ نېمە بولغانلىقىنى سورۇشۇپتۇ. ئەمما، شاھزادە «ھېچ نېمە بولمىدى» دەپلا باشقا گەپ قىلماپتۇ. بۇ دەل تاڭ يورىغان مەزگىل بولۇپ، يىگىتلەر شاھزادىنىڭ خاھىشى بويىچە سەپەر جابدۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ. شاھزادە شىكارنى بىر كۈن بۇرۇن ئاياغلاشتۇرۇپ قايتىپتۇ.

شاھزادە ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ كىتاب كۆرۈپ، كۆرگەن چۈشىگە تەبىر ئىزلەپتۇ. دانالار قالدۇرغان قامۇسلاردىن شاھزادە چۈشىنى بىر ئۇلۇغ سائادەتنىڭ بىشارىتى دەپ جەزىملەشتۈرۈپتۇ. شاھزادىنىڭ كۆڭلى يورۇپتۇ، ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— مۆھتەرەم شاھ ئاتا، مەن يەنە بىر قېتىم شىكارغا چىقىشنى ئويلاپ قالدىم. دالىدا كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، زېھنىم ئۇرغۇپ قالىدىكەن، ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي، كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، كۆڭلۈڭ خالىغاندەك بولسۇن، نېمىشقا ئىجازەت بەرمىگۈدەكمەن، — دەپتۇ ۋە ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ، — سىلەر شاھزادىگە ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىگە يەتكۈدەك ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاپ بېرىڭلار، — دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ۋەزىرلەر «لەببەي» دېگىنىچە سىرتقا قاراپ قەدەم تاشلاپتۇ. شاھزادە ئۇلارغا قاراپ:

— توختاڭلار، ماڭا ئارتۇق تەييارلىق لازىم ئەمەس، — دەپتۇ. ۋەزىرلەر شاھزادىنىڭ سۆزى بىلەن يولدىن توختاپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قول باغلىشىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ سوئال نەزەرى بىلەن شاھزادىگە قاراپتۇ. شاھزادە پادىشاھ تەرەپكە ئىككى قەدەم سىلجىپ:

— شاھ ئاتا، ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت، مەن بۇ قېتىم شىكارغا يالغۇز چىقماقچىمەن. بۇرۇن كۆپ قېتىم ئۇنلىغان يىگىتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكار قىلدىم. ئۇ چاغدا شۇنداق قىلمىسام بولمايتتى، چۈنكى تېخى كىچىك ئىدىم، ئەمدى چوڭ بولدۇم، كۈچلەندىم. ماڭا ھېچقانداق ياردەمچى لازىم ئەمەس. دۇنيادا شاھلىق ۋە شاھزادىلىك ئادەمگە باقىي ئەمەس، ئاينىڭ نۇن بەشى ئايدىڭ بولسا، ئۇن بەشى قاراڭغۇ دېگەن گەپ بار. مەن باشقىلارغا بېقىنماي ياشاشنى ئۆگىنەي، ناۋادا يالغۇز چىقىشىمغا قوشۇلمىسىلا، چىقماي. ئەگەر ئوغلۇم خۇشال بولسۇن، ياشاشنى چىن مەنىسىدىن ئۆگەنسۇن دېسىلە ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئىچىدە ئوغلىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە تەختتىن چۈشۈپ شاھزادىنىڭ ماڭلايلىرىدىن سۆيۈپتۇ، شاھزادىنىڭ پات قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ ھەمدە:

— ئى ياراتقان تەڭرىم، ماڭا شۇنداق ئۇلۇغ شەۋكەت بېرىپسەن، شۈكرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق دانا ۋە ئەقىللىق ئوغۇل

ئاتا قىلىپسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن يۈز مىڭ شۈكرى، ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، — دەپ دۇئا بېرىپتۇ.

شاھزادە پادىشاھ قېشىدىن چىقىپ بىر كۈن تەييارلىق قىلىپ نان-توقاچ راسلاپتۇ. ئەتىسى ئاق ئارغىماققا مىنىپ دەريا بويىغا قاراپ يول ئاپتۇ. شاھزادە ئاتنى توختىماي قامچىلاپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئاخىرى دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. دەريانىڭ قېشىنى بويلاپ يۇقىرى-تۆۋەن ئۆرۈن ئايلىنىپتۇ. ئەمما، قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپتۇ، ئاسماندا ئاي چىراي ئېچىپتۇ. دەريا يۈزى كۆكتىكى غۇجمەك-غۇجمەك يۇلتۇزلارنىڭ جىلۋىسى بىلەن جىمىرلاپتۇ. شاھزادە بېھىشتەك تۈن يېرىمىغىچە بىدار ئولتۇرۇپتۇ. ھېچ بىر شەپە بولماپتۇ. تاڭغا يېقىن ئۇيقۇ غالىپ كېلىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپتۇ. شاھزادە يەنە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ھېلىقى گۈزەل قىز يەنە تولۇن ئاينىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئاق بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ كېلىپ ساھىلغا قونۇپتۇ. شاھزادە ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي گۈزەل مەلىكەم، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز، مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا ئوت بولدۇم، ماڭا رەھىم قىلىپ ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى ئېيتىڭ، ماڭا ئېچىڭىز ئاغرىسۇن، قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى سىز، — دەپ يىغلاپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— ئەي شاھزادە، تېخى نادان ئىكەنسىز، مەن سىزنىڭ ماڭا ئاشىق بولغانلىقىڭىزغا ئىشەنمىدىم، چۈنكى ئاشىق بولغان كىشى ئۇيقۇدىن غالىب كېلىشى لازىم. ئەمما، سىز ئۇخلاپ قالدىڭىز، سىز ھازىر چۈش كۆرۈۋاتەسىز، مەن سىزنىڭ چۈشىڭىزدىكى قىزمەن، ئويغانسىڭىز بەلكى بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەرسىز، خەير-خوش، خۇدا خالىسا يەنە كۆرۈشەرمىز، — دەپ غايىب بولۇپتۇ. شاھزادە چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ. قارىسا كۈن چىقىپ، تاغلار ئاللىقاچان قىزىللىققا پۈركىنىپ بولغانىكەن. شاھزادە ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قېلىپ يامان قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ.

شاھزادە دەريادا يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاز-تولا ناشتا قىلىپلا ئارغىماققا مىنىپ يەنە دەريانىڭ بويىنى بويلاپ قىزنى ئىزلەپتۇ. ئەمما، قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. يەنە كۈن ئولتۇرۇپ ئاسماندا ئاي-يۇلتۇزلار پەيدا بولۇپتۇ. شاھزادە بۈگۈن كېچە چوقۇم ئۇخلاپ قالماسلىققا نىيەت قىلىپ، ئېقىن يۈزىگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. تۈن يېرىمىدىن ئېشىپتۇ. كېچە تاڭغا يېقىنلاپتۇ، دەل شۇ چاغدا سۇنىڭ يۈزىدە قىز كۆرۈنۈپتۇ. يىگىت ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ھېلىقى قىز كۆزلىرى ياش تۇرغىدەك. شاھزادە قىزغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. قىز شاھزادىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كەلگەن يولى بىلەن قېچىپتۇ. شاھزادە «توختاڭ، قورقماڭ!» دېگىنىچە ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. قىز قېچىپتۇ، يىگىت قوغلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق قېچىپ، قوغلىشىپ كۈننى چۈش قىلىشىپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ كەينىدىن قالماي يۈگۈرۈپتۇ. قىزنىڭ يۈگۈرگەدەك دەرمانى قالمىغاندىلا شاھزادە ئۇنىڭغا يېتىشىپتۇ. شاھزادە كېلىپ قارىسا قىز ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇرغىدەك. قىز گۈل-گىياھلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى كىيىم قىلىۋالغانىكەن. شاھزادە قىزنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقىنى بايان قىلىپتۇ. قىز شاھزادىنىڭ گەپلىرىگە جىممىدە ئولتۇرۇپ قۇلاق سالغاندىن باشقا ھېچقانداق سۆز قىلماپتۇ. شاھزادە نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپتۇ، قىز بولسا گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتىش بىلەنلا جاۋاب بېرىپتۇ. شاھزادە

مەلىكىنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپتۇ. مەلىكە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپتۇ. قىزنىڭ كۆڭلىنىڭ ئېرىگەنلىكىنى ھېس قىلغان شاھزادە:

— ئەي گۈزەل مەھبۇبەم، مەن سىزنى دەپ، كۆيۈك دەردىنى كۆپ تارتتىم، ئاخىرى سىزنى تاپتىم، ئۆزۈمنىڭ ھالىنى سىزگە يوشۇرماي ئېيتتىم، سىز نېمىشقا ماڭا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايسىز، — دەپ يىغلاپ ئىلتىجا قىلىپتۇ. مەلىكە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ قولى بىلەن تىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سۆزلەشنى بىلمەيمەن، دېگەن ئىشارەتنى بېرىپتۇ ۋە ئىزا تارتىپ بىر ئاھ چېكىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى كىرپىكلىرى بىلەن سۈرتۈپتۇ ھەمدە تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىگە قاراپ ھەسرەت يۇتۇپتۇ ۋە كىچىك بالىدەك يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئى رەھمىتى كەڭ تەڭرىم، جىمى ئالەم سېنىڭ قۇدرەت كامالىڭ بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. سەن بارنى يوق، يوقنى بار قىلىسەن، جانسىزلارغا جان بېرەلەيسەن، مەن ئاجىز بەندەڭنىڭ ئىلتىجالىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ قىزغا تىل بەرگەيسەن، سۆزلەتكەيسەن، — دەپ مۇناجاتلار ئوقۇپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن شاھزادىنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، كۆز ئالدىدا خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپتۇ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئوغلۇم، — دەپتۇ خىزىر.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام بوۋا، ئۆزلىرى كىم بولىدىلىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— مەن خىزىر ئەلەيھىسسالام بولىمەن، قېنى مەشۇقىڭىزنى ئويغىتىڭ، — دەپتۇ خىزىر.

شاھزادە قىزنى يېنىك سىلكىگەن ئىكەن، قىز گويا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپتۇ. يىگىت بىلەن قىز يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خىزىرنىڭ سۆزىگە قۇلاق ساپتۇ. خىزىر ساقاللىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— تەقدىر سىلەرنىڭ قىسمىتىڭلارنى مۇشۇنداق پۈتقان. بۈگۈن سىلەر مۇراد-مەقسىتىڭلارغا يەتتىڭلار، مەن سىلەرگە بىر ئۆمۈر مېھرى-ۋاپا تىلەيمەن، ئۆمۈر بويى پاك يولدا مېڭىپ، ئۆزئارا ساداقەتمەن بولۇپ ئۆتكەيسىلەر، — دەپتۇ-دە، يېقىن كېلىپ شاھزادىنىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان بىر تامچە ياشنى بارمىقى بىلەن ئېلىپ قىزنىڭ تىلىغا قويۇپتۇ. ئاندىن قىزنىڭ جىسمىنى شۇنداق سىيلىغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۈل-گىياھلارنىڭ چۆپلىرى شۇنداق چىرايلىق كىيىمگە ئايلىنىپتۇ. قىز شۇئان زۇۋانغا كېلىپ:

— تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، — دەپتۇ-دە، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. شاھزادە مەلىكىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ خىزىرغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.

خىزىر نۇرانە چىرايىدىن مېھرىبانلىق ياغدۇرۇپ:

— سىلەرگە قىلىدىغان ئىككى-ئۈچ ئېغىز ۋەسىيىتىم بار، ئوغلۇم، سەن بۇ قىزنى يىغلاتما، ئۇنى بەختلىك قىل! قىزىم، سەن بۇ شاھزادىگە ۋاپادار، ساداقەتمەن بول. راست، ھېلىقى سېنى چوڭ قىلغان كېپىكنى ئۆزۈڭدىن ئايرىما. بالىلىرىم، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تېخى يەنە نۇرغۇن سىرلار بار، بۇ سىرلارنى ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ ئېچىپ، ياخشىلارغا خۇشاللىق، يامانلارغا زاۋاللىق بەخشەندە قىلغايسىلەر، مۇرادىڭلار ھاسىل بولغاي، ئامىن! — دەپلا كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

قىز بىلەن شاھزادە بۇ كارامەتكە ھەيران بولۇپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ.

ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىن سۆھبەتلىرىنى قۇرۇپتۇ. مۇھەببەتلىك قوللىرى بىلەن بىر-بىرىنىڭ بويلىرىغا گىرە تاشلاپ يۈز-كۆزلىرىنى پۇرۇشۇپتۇ، ئوتلۇق لەۋلىرىدىن گۈل-غۇنچىلارنى ئۈزۈشۈپتۇ، ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپتۇ. ئەمما، ھايا بوستانلىرىنى دەسسىمەپتۇ. كەچ كىرىپ ئاي كۆتۈرۈلۈپتۇ. قىز شاھزادىنىڭ باغرىغا باش قويۇپ، شاھزادە قىزنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ئۇخلاپ تۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈن كۆتۈرۈلۈپ ئالەمگە ئاپتاپ يېيىلىپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى بارماقلىرىدا تاراپ تۇرۇپ:

— مەلىكەم، ئەمدى قايتايلى، تېزدىن شەھەرگە قايتىپ بۇ خۇش خەۋەرنى شاھ ئاتام، خانىش ئانامغا يەتكۈزەيلى، ئاندىن پۈتۈن يۇرتقا توي تارتىپ ھالال ئەر-خوتۇنلاردىن بولۇپ ئۆمۈرلۈك بەختىمىزنى باشلايلى، — دەپتۇ. مەلىكە:

— ئى شەيقەتچىم، جېنىمنىڭ جانانىسى، مېنىڭ كىملىكىمنى سىز تېخى بىلمىدىڭىز، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەقەت بىرلا مېھرىبان كېيىك. مەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ قۇچىقىدا كۆردۈم. ئۇنىڭ سۈتىنى ئىچىپ چوڭ بولدۇم، ئۇ مېنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆردى. خىزىر تاشلىۋەتمە، دېگەن جانىۋار ئەنە شۇ. مېنىڭ ھالا ئاخشامغىچە تىلىم بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىر كېيىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئون نەچچە يىلنى گەپ-سۆزسىز، ئىشارەت بىلەن ئۆتكۈزدۇق. مەن ئۇنى ئانام دېسەممۇ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئۇمۇ مەندىن ئايرىلمايدۇ. مانا ساق بىر كېچە، يېرىم كۈن ئۆتتى، ئۇ ھازىر مېنى ئىزلەپ، مېنىڭ يولۇمغا قاراپ باغرى پارە-پارە بولۇپ كەتكەندۇ. ئەگەر مېنى چىن دىلىڭىزدىن سۆيسىڭىز، شۇ بىچارە كېيىكنىمۇ مەن بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىڭ، ئۇنداق بولمىغاندا مەن نابۇت بولۇپ تۈگىشىمەن، — دەپتۇ. شاھزادە كېيىكنى خۇددى ئۆز ئانىسىدەك قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

قىز ناھايىتى خۇشال بولۇپتۇ ۋە شاھزادىنى باشلاپ بىر غارنىڭ ئىچىگە كەپتۇ. شاھزادە قارىسا دېگەندەك شۇنداق چىرايلىق بىر ئانا كېيىك تۇرغىدەك. كېيىك قىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ-دە، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى پۇراپتۇ، قىز ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا سۆزلەپتۇ. كېيىك خۇددى گەپ ئۇققىنىدەك كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋە پەيدا قىلىپ بېشىنى توختىماي لىڭشىتىپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئىككىسىنى تەبرىكلىگەندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ شاھزادىنىڭ پۇتلىرىغا سۈركۈلۈپتۇ.

ئەلقىسسە: شاھزادە قىزنى ئېتىغا مىندۈرۈپ شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. كېيىك ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. يېرىم كۈن بولغاندا ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. خالايىقلار قىزنىڭ ھۆسنى-جامالىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. شاھزادە ئوردىغا كىرىپ بولغىچە خەۋەر ئاللىقاچان پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپ بوپتۇ. پادىشاھ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، قىزنىڭ ھۆسنى-جامالى توغرىسىدىكى تەرىپلەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئالدىراپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ كۆرۈپتۇكى، شاھزادە بىر گۈزەل پەرىشتىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئاتنى ئۆزى يېتىلەپ كېلىۋاتقۇدەك، بىر چىرايلىق كېيىك ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگۈدەك. شاھ قىزغا بىر قاراپلا ئوغلىنىڭ بەختىگە قايىل بوپتۇ. پۈتۈن ئوردا ئەھلى

شاھزادىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپتۇ. قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران بولۇپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ. شاھزادە قىزنى ئاتتىن چۈشۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مۇبارەك بولسۇن ئوغلۇم، مۇبارەك بولسۇن، — دەپتۇ. شاھزادە دادىسىغا سالام بېرىپتۇ، قىزمۇ پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام بېرىپتۇ. شاھ ئالدىراپ قىزنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، — قۇتلۇق قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن قىزىم، — دەپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. خانىشمۇ ئوغلىنىڭ كۆزىگە قايىل بولۇپ، قىزنىڭ رۇخسارىغا زوقلىنىپتۇ ۋە قىزنى باغرىغا بېسىپتۇ.

پادىشاھ ۋە خانىش باشقىلارنى سىرتتا قالدۇرۇپ، شاھزادە بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ ئۆز خانىسىغا كىرىپتۇ. كېيىكمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۆيگە كىرىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش ئۇلارنىڭ قەيەردە تېپىشىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. شاھزادە قىزنى تۇنجى قېتىم چۈشىدە كۆرگەنىدىن تارتىپ ئۇنى ئوردىغا باشلاپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش تەڭرىنىڭ كارامىتىگە راستتىنلا ھەم ھەيران، ھەم چەكسىز خۇشال بولۇپتۇ. پادىشاھ:

— ئوغلۇم، قىزىم، سىلەر خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن قوشۇلدۇڭلار، مەن ۋە خانىش بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇشال، شۇڭا دەرھال توي تەييارلىقىنى قىلىپ، 40 كېچە-كۈندۈز توي تارتىپ، ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇپ، ئىزىز بېشىڭلارنى قوشۇپ قويايلى. شۇنداق قىلسام مۇرادىم ھاسىل بولىدۇ. سىلەرچە قانداق؟ — دەپتۇ. خانىش، شاھزادە ۋە مەلىكە رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ قىزنى گۈلپەرى دەپ ئاتاشنى لايىق تېپىپتۇ.

ئەتىسى پۈتۈن شەھەردە 40 كۈنلۈك توي باشلىنىپ كېتىپتۇ. توي كۈندىن-كۈنگە قىزىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋە خانىش چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. ئەمما، پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە بۇ قىز زادى كىمنىڭ قىزى، ئۇ قانداق بولۇپ بىر كېيىك بىلەن ياشاپ چوڭ بولغاندۇ، بۇ كېيىكتە بىرەر خاسىيەت ياكى بىرەر سىر بارمۇ، قانداق؟ دېگەن خىياللار تەكرارلىنىپتۇ. تويىنىڭ 41-كۈنى شاھزادە بېھىشتاتا بىلەن گۈلپەرىنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپتۇ.

توي تۈگەپ ئەتىسى پادىشاھ بىلەن خانىش پەرزەنتلىرىنى چاقىرىپ كېيىكنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى سوراپتۇ. گۈلپەرى:

— مەن بۇ كېيىكتىن ئايرىلالمايمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر بولىدۇ. شۇڭا مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ قېشىدا ساقلىسام، ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلسام، — دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ. شاھزادە بېھىشتاتا گۈلپەرىنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپتۇ. ئەمما، خانىش ئانچە قوشۇلماي:

— باللىرىم، ئويلاپ كۆرۈڭلار، ئۇ ھەرقانچە قەدىرلىك بولغان بىلەنمۇ يەنە ھايۋان تۇرسا، بىز پادىشاھ ئەھلى تۇرساق، قانداق قىلىپ ھايۋان بىلەن بىللە ياشىيالايمىز. شۇڭا ئۇنى تاغقا ھەيدىۋېتەيلى، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان كېيىك خۇددى ئادەمدەك يىغلاپ كېتىپتۇ، گۈلپەرى ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ يىغلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان پادىشاھ كېيىكنىڭ ئادەمدەك گەپ ئۇقىدىغانلىقىنى سېزىپ، بۇنىڭدا بىر سىر بارلىقىنى ھېس قىلىپ:

—توختاڭلار، مەنمۇ ئۆز مەقسىتىمنى دەپ باقاي. مەن دەسلەپ خانىش ئويلىغاندەك ئويلىغان. ئەمدى قارىسام، ئۇنى تاغقا قويۇپ بەرسەك ئادىل

بولمىغىدەك، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن گۈلپەرد-
نى ئانا ئورنىدا ئىمىتىپ چوڭ قىلدى،
شاھزادىمىزگە بەخت ئېلىپ كەلدى.
ئۇندىن باشقا مەن بۇ جانىۋارنىڭ قىلىق-
لىرىدىن قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن سىرنىڭ
بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ جانىۋار
ئادەتتىكى ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغاندەك
قىلىدۇ، بولمىسا ئادەمدەك يىغلامدۇ، ئادەمدەك
كۈلەمدۇ، ئادەم بالىسىنى بېقىپ چوڭ
قىلامدۇ، بۇ ئىشلارغا ئەقىل لال بولىدۇ.
شۇڭا بىر مەزگىل گۈلپەرىنىڭ ئارزۇسى
بويىچە بۇ جانىۋار ئۇنىڭ قېشىدا تۇرسۇن.
قالغان ئىشلارنى كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىر
نېمە دېيىشەرمىز، — دەپ سۆھبەتنى
ئۈزۈپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ ھۆكۈمىدىن گۈلپەرى
ۋە شاھزادە قاتتىق شادلىققا چۆمۈپتۇ.
خانىشمۇ قوشۇلۇپتۇ.

ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ.
پادىشاھ ئولتۇرسا، قوپسا كېيىك ھەققىدە
ئويلاپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ بىر نەچچە
ۋەزىرنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ۋەزىرلىرىم، سىلەرگە سالىدىغان
بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى. خەۋىرىڭلاردا
بار، ئوغلۇم شاھزادە بېھىشتاتانىڭ تويىنى
قىلدۇق. ئۇ، كېلىنىم گۈلپەرى بىلەن
ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ، ئىلاھىم كۆز
تەگمىسۇن. گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم،
گۈلپەرىنىڭ ئاتا-ئانىسى زادى كىم؟ بۇ
ئىش بىزگە قاراڭغۇ. گۈلپەرى ئۆزىنىڭ
زادى كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ
بىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە مەلىكە راستچىللىق
بىلەن ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى بىلمەيدىغانلىقى-
نى يوشۇرماي ئېيتتى. مەلىكىنىڭ بىلىدىغى-
نى پەقەت ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان
ئاشۇ كېيىك. مەلىكە دۇنياغا كۆز ئېچىپ
ئۆزىنى ئاشۇ جانىۋارنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپتۇ.
كېيىك ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ. مەن
بۇ ئىشتىن بەكلا ئەجەبلەنمەكتىمەن،
قارىسام بۇ كېيىك ئادەتتىكى ھايۋانلارغا
ئوخشىمايدۇ، قىلىقلىرى ئادەمدەكلا، گەپ
ئۇقىدىغاندەك قىلىدۇ، مەن كۆپ ئويلاندىم،
بۇ جانىۋاردا بىر سىر بارمىكىن، دەيمەن،
— دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداقراق پەرەز قىلغانىدىم، —
دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر.

— بۇ گەپنى ئوڭ قول ۋەزىر ۋە باشقا
ۋەزىرلەر بىلەنمۇ قىلىشقانىدۇق، — دەپتۇ
سول قول ۋەزىر، — پەمىچە شاھىمىزنىڭ
گۇمانلىرى خاتا ئەمەس. بۇ كېيىكتە چوقۇم
بىر سىر بولۇشى مۇمكىن، شەھەرنىڭ
سىرتىدا بىر دانىشمەن بوۋاي بار. ئۇ
ئادەمنىڭ جاھاندىكى بارلىق سېھرىي
ھېكمەتلەردىن خەۋىرى بولۇپلا قالماي،
يەنە جۇدە قىلىنغان نەرسىلەرنى تونۇيالايدۇ
ۋە سېھرىنى بىكار قىلالايدۇ، شۇڭا ئاشۇ
دانىشمەنگە بىر كۆرسىتىپ باقساق.

قاراپ تۇرغان دۆلەت ئەركانلىرى بۇ
گەپنى بىردەك قۇۋۋەتلەپتۇ.

— خوپ، ناھايىتى ياخشى بولدى،
سول قول ۋەزىرىم، بۇ ئىشنى سىزگە
تاپشۇراي، بۈگۈندىن قالدۇرماي ئەشۇ
دانىشمەن بوۋاينى ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭ، —
دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە دانىشمەن
بوۋاي شاھنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ.
پادىشاھ قارىسا بۇ خىزىر سۈپەت، پەرىش-
تىدەك ئادەم بولۇپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ
تۇرغىدەك. پادىشاھ دانىشمەننى ئېھسىل
نازۇ نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ
مۇددىئاسىنى ئوقتۇرۇپتۇ ۋە ئۆزىگە ياردەم
قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. دانىشمەن بوۋاي
پادىشاھقا قوللۇق بىلدۈرۈپ، پادىشاھنىڭ
خىزمىتىنى جېنى بىلەن بىجا كەلتۈرىدىغانلىقى-
نى ئىزھار قىلىپتۇ. ۋەزىرلەر كېيىكنى

پادىشاھ سارىيىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. دانىشمەن بوۋاي كېيىكنىڭ كۆزلىرىگە چوڭقۇر قاراپ بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ-دە، ھەسرەتلىك ئاھ چېكىپتۇ، ھەمدە:

— شاھىم،ھەقىقەتەن دانا ۋە ئاقىل ئىكەنلا، بولدى، ھازىر سۆزلەشمەيلى، خانىش، شاھزادە بىلەن مەلىكە بۇ يەرگە كەلسۇن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— خانىش بىلەن شاھزادە، مەلىكىنى كەلتۈرۈڭلار، — دەپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا ئۈچەيلەن كىرىپ كېلىپتۇ. ھەممەيلەن دانىشمەن بوۋايغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىشىپتۇ. دانىشمەن بوۋاي قاردەك ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ:

— كۆڭلۈمگە خۇددى بەش قولدەك ئايان بولۇۋاتىدۇكى، بۇ كېيىك ئادەتتىكى جانۋار ئەمەس، بەلكى سېھىرلەنگەن ئادەمدەك قىلىدۇ. بىز بۇ كېچە ئۇخلىماي تەڭرىدىن تىلەپ، بۇ سېھىرنى ياندۇرۇپ كۆرسەك دەيمەن، شاھىمىز قانداق قارايدىكىن، — دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

دانىشمەن بوۋاي تاھارەت ئېلىپتۇ. باشقىلارمۇ پاك تاھارەت بولۇشۇپتۇ. دانىشمەن تەسۋىنى سىيرىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ، خانىش ۋە باشقىلارمۇ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ كېيىكنىڭ سېھىرنى ياندۇرۇشقا تەڭرىدىن مەدەت تىلەپتۇ. دانىشمەن بوۋاي ئوقۇپتۇ، ئوقۇپتۇ، ئالەم خۇپتەن بولۇپتۇ، يېرىم كېچە بولۇپتۇ، باشقىلارمۇ قوللىرىنى دۇئادىن چۈشۈرمەي خۇدادىن تىلەپتۇ. دانىشمەن ئوقۇۋېرىپتۇ. تاڭ تاڭغا يېقىنلاشقاي دېگەندە كېيىك ئاستا-ئاستا كۆزىنى يۇمۇپتۇ. ئارىدىن بىر چاي قاينام ۋاقىت ئۆتكەندە دانىشمەن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئى قۇدرىتى يېگانە تەڭرىم، كارامىتىڭنى كۆرسەتكەيسەن، — دەپ ئۈنلۈك ئىلتىجا قىلىپتۇ.

ئەييۇھەنناس، شۇنداق بىر كارامەت يۈز بېرىپتۇكى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا كېيىك شۇنداق چىرايلىق بىر ئايالغا ئايلىنىپتۇ. ھەممەيلەن ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپتۇ. ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سۈرتۈپتۇ-دە:

— ئاھ باغرىم، جىگىرىم قىزىم؟ — دەپ گۈلپەرىگە ئۆزىنى تاشلاپ قاتتىق يىغلاپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھ-ۋەزىرلەر، خانىش ۋە شاھزادە تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. بۇ ئايال پادىشاھ بىلەن خانىشقا يۈكۈنۈپ يىغلاپ مىڭ رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپتۇ.

پادىشاھ دانىشمەن بوۋايغا ئالتۇن ياقىلىق تونلارنى كىيدۈرۈپ، قولىغا ئون مىڭ سەر ئالتۇن تۇتقۇزۇپ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. خانىش بىلەن مەلىكە بۇ ئايالنى يۇيۇپ-تاراپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. ئۇلار ئېسىل تائاملار بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن پادىشاھ ئايالدىن سوراپتۇ:

— ئەي بىچارە مەزلۇم، تەڭرىنىڭ كارامىتى بىلەن ئەسلىڭىزگە كەلدىڭىز، بىز سىزنىڭ قاچان، نېمىشقا مۇشۇنداق كېيىك سۈرىتىگە كىرىپ قالغانلىقىڭىزنى ۋە كېلىنىم گۈلپەرى بىلەن قانداق چېتىشلىقىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە بەك ئالدىراۋاتىمىز، ناۋادا مالال كەلمىسە، دىل ئازار ھېس قىلمىسىڭىز كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىزكەن، — دەپتۇ.

— مەن ئەسلىدە، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ كېيىكتىن ئۆزگەرگەن ئايال، — بىر كاتتا باينىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىدىم. ئىسمىم گۈلبۈۋي ئىدى. بۇنىڭدىن 18 يىل

بۇرۇن، بىر كۈنى خىزمەتچى قىزلار بىلەن دادام ماڭا سېلىپ بەرگەن خاس بېغىمدا ئويناپ يۈرەتتىم. شەھەر پادىشاھى — قۇتلۇق شاھ شۇ چاغدا باغنىڭ تېشىدىن مېنى كۆرۈپ قاپتۇ. پادىشاھ مېنى كۆرۈپلا ماڭا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، باغنىڭ تېمىدىن ئاتلاپ باغقا كىرىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئىسمىمنى سورىدى، دەپ بەردىم، ئۇ باغدىن بىر تال قىزىل گۈلنى ئېلىپ قولىقىمغا قىستۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ قولى قولىقىمغا تېگىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا يۈرىكىم ئوتقا چۈشكەندەك بولدى. يوشۇرمايمەن، مەنمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ كېيىن مېنى ئىزلەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، قەددى-قامەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش ئىدى. بىرقانچە كۈنگىچە ئۇنى ئويلاپ، ئۇنى چۈشەپ بىئارام يۈردۈم. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ ئۆيگە ئۇنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. دادام ۋە ئانام خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ 41 كېچە-كۈندۈز تويىمىز بولدى. ھەممە ئادەم خۇشاللىققا چۆمدى. پەقەت بىرلا ئادەم يەنى پادىشاھنىڭ چوڭ خانىشى ناھايىتى خاپا ئىدى. مەن ئۇنىڭ خاپا چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. ناۋادا ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام مەنمۇ شۇنداق بولغان بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. 41-كۈنى نىكاھ ئوقۇلدى. مەن شاھ بىلەن بىللە ماڭا تەييارلانغان خاس ھۇجرىغا كىردۇق. يېتىپ قالدۇق، يېرىم كېچە بولغاندا ئۇسساپ قالدىم. شاھنىڭ قېشىدىن ئاستا قوپۇپ تاشقىرىقى ھۇجرىغا چىقسام چوڭ خانىش ئولتۇرۇپتۇ. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ سالام بەردى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇسسىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ بىر كىچىك مىس چەينەكتىن بىر پىيالە شەربەت قۇيۇپ بەردى ۋە ئوبدان ئارام ئېلىشىمنى تاپىلىدى، مەن رەھمەت ئېيتىپ شاھنىڭ قوينىغا كىرىپ ياتتىم. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا پادىشاھ چىرقىراپ كەتتى، سىرتتىن ئادەملەر دۈپۈرلىشىپ كىرىپ كەلدى. تۇۋا خۇدايىم، گەپ قىلالمىدىم، قارىسام تۆت ئاياغلىق بولۇپ قاپتىمەن، ئۈستىبېشىمنىڭ ھەممىسى تۈك. ئادەملەر:

— ئالۋاستىكەن.

— كېيىك سۈرەتلىك ئالۋاستىكەن.

— تۇتۇڭلار، باغلاڭلار، — دەپ ۋارقىراپ ماڭا يوپۇرلۇپ كېلىشتى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى، ھاياتىمنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاچتىم. ئۇلار قوغلىدى، مەن جېنىمنىڭ بارىچە قاچتىم. ئۇلار مېنى بىر يىلدەك تاغمۇ تاغ، دەشتمۇ دەشت قوغلىدى. بويۇمدا قالغانىكەن. شۇ جەرياندا بۇ قىزىمنى تۇغدۇم، مەن ئۇنى ئېلىپ ئىنسان ئاياغ باسمايدىغان يەرلەردە يۈرۈپ 18 يىلنى ئۆتكۈزدۈم. مەن سۆزلىيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن قىزىممۇ تىلسىز چوڭ بولدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمغا ئېچىنمىدىم. ئەمما، قىزىمغا قاراپ يۈرىكىم بەك ئېچىشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ مەندەك ھايۋان سىياقىدا تۇغۇلغان بولسا ئانچە ئازابلانماس ئىدىم. يامىنى، قىزىم ئادەم سىياقىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى چىرايلىق تۇغۇلدى. گەرچە ھايۋان بولساممۇ، تىلىم بولمىسىمۇ، پاك قەلبىم بىلەن تەڭرىدىن قىزىمغا ئاسانلىق تىلىدىم. بىر كۈنى ئۇ بىر كېچە يوقاپ كەتتى، بەك قورقتۇم. ئەتىسى بۇ شاھزادىنى باشلاپ قېشىمغا كەلدى. ئۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن گەپ قىلالمىساممۇ سۆزلىرىنى ئۇقتۇم. بەك خۇشال بولدۇم. شاھزادە قىزىم بىلەن مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. قالغان ئىشلارنى

دېمىسەمۇ ئۆزۈڭلار بىلسىلەر، مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىم ئەنە شۇ، ئاتا-ئانام نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ بەلكى ھىجرانلىق دەردى ۋە ئىچ ئاغرىقىدا ئۆلۈپ كەتكەندۇ.

ئايال ھېكايىسىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. گۈلپەرى ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلاپ يىغلاپتۇ. شاھزادىمۇ ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىرىپتۇ. بۇ ئىش پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ.

ئەلقىسسە: پادىشاھ بىلەن خانىش بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆز ئارا ئۇزاق مەسلىھە تلىشىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ بىرقانچە ۋەزىرىنى چاقىرىپ:

— سىلەر قۇتلۇق شاھنى مېنىڭ نامىدىن شەھىرىمىزگە مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ كەلسەڭلار، ناۋادا قوبۇل قىلسا تېخى ياخشى، رەت قىلسا، ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن، — دەپ ۋەزىرلەرنى يولغا سېلىپتۇ.

ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە قۇتلۇق شاھنىڭ شەھىرىگە كېلىپ شاھقا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئادىل شاھنىڭ مەكتۇبىنى ۋە ئۇنىڭ يوللىغان سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىلىپتۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى قۇتلۇق شاھقا بىلدۈرۈپتۇ. قۇتلۇق شاھ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ:

— قەدىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، مەن پادىشاھىڭلارنىڭ ئادەمگەرچىلىك قىلىپ مېنى مېھمانغا چىللىغانلىقىغا كۆپ خۇشالمەن. بىر-ئىككى كۈن شەھىرىمىزدە بولۇڭلار، باغۇ بوستانلارنى تاماشا قىلىڭلار، ئاندىن بىللە بارايلى، — دەپتۇ. ئەلچىلەر رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. كەلگەنلەر قۇتلۇق شاھنىڭ شەھىرىدە ئۈچ كۈن سەيلى-تاماشا، بەزمە-مەشرەپ ئويناپ كۆڭۈللىرىنى ئاچقاندىن كېيىن، قۇتلۇق شاھنى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە راۋان بولۇپتۇ. قۇتلۇق شاھ 400 دەك ۋەزىر-ئەمىر، ئالىم-ھۆكۈمالىرىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئەلقىسسە: ئادىل شاھ قۇتلۇق شاھنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. جاھان خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ناغرا-سۇنايلارنىڭ ئاۋازى كۆككە يېتىپتۇ. دەپ تۈگەتكۈسىز بەزمە-تاماشالار بىلەن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. قۇتلۇق شاھ قايتماقچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا ئادىل شاھ قۇتلۇق شاھقا:

— مۆھتىرەم ئالىيلىرى، ئۆزلىرى قايتىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدىلا، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىگە دەيدىغان ئازراق گېپىم بارئىدى، كۆڭۈللىرى خالارمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە، ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىدە يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئۆزلىرىنىڭ مەن پېقىردىن كۆپ دانا ۋە جىق ئادىل ئىكەنلىكلىرىنى ھېس قىلدىم. ھېكمەتلەرگە تولغان سۆھبەتلىرىدىن دىلىم يورۇپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. قانداق سۆزلىرى بولسا خۇشاللىق بىلەن ئاڭلاشقا تەييارمەن، — دەپتۇ قۇتلۇق شاھ.

— ئۆزلىرىگە دېمەكچى بولغىنىم بىر ھېكايە، بىر تېپىشماق دېسەمۇ بولىدۇ، بۇ تېپىشماقنى بىللە تاپساق دەيمەن، بۇرۇن مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن، — دەپ سۆز باشلىغان پادىشاھ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر-بىرلەپ ھېكايە قىلىپتۇ. قۇتلۇق شاھ بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ ۋە 18 يىل بۇرۇن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يادىغا ئېلىپتۇ. ئەمما، چاندۇرماي، ھېكايە ئاڭلىغان قىياپەتتە:

— ناھايىتى قىزىق، ھەم ناھايىتى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتە ئىكەن، — دەپتۇ.

— بۇ ھېكايىنىڭ ئالىيلىرى بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسى يوق دەپ قارامدىلا؟ —

دەپتۇ ئادىل شاھ قۇتلۇق شاھقا. قۇتلۇق شاھ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئادىل شاھنىڭ خانىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا گۈلبۈي، گۈلپەرى كىرىپ كەپتۇ. قۇتلۇق شاھ ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. قۇتلۇق شاھ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ:

— سىز گۈلبۈي ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. خانىش گۈلبۈي چەكسىز ھەسرەت ئىچىدە:

— شاھىم، ئەزىزىم، — دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاپتۇ. تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق سىرلار ئاشكارا بولۇپتۇ.

قۇتلۇق شاھ دەرھال ۋەزىرلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ چوڭ خانىشنى چاقىرتىپتۇ. قۇتلۇق شاھ بىلەن ئادىل شاھ ئۇنى راست گەپ قىلىشقا قىستاپتۇ. چوڭ خانىش يالغان ئېيتىشقا ئورۇن قالمىغانلىقىنى بىلىپ گۇناھىنى تىلەپ:

— مەن گۇناھكار، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، گۈلبۈي كىچىك خانىش بولۇپ ئوردىغا كەلگەنلىكتىن مېنىڭ كۈندەشلىكىم تۇتۇپ ئۆزۈمنى قويالماي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەر تۈرلۈك چارە-ئاماللارنى قىلىپ، بىر جادۇگەر موماينى تېپىپ دەردىمنى ئېيتتىم. ئۇ مىڭ سەر كۈمۈش بېرىش شەرتى بىلەن ماڭا ئانار شەربىتىگە ئەپسۇن ئوقۇپ بەردى، توي كېچىسى يېرىم كېچىدە خانىش گۈلبۈي كۆتكىنىمدەك «ئۇسسىدىم» دەپ تاشقىرىغا چىقتى، مەن ئاشۇ ئەپسۇن ئوقۇلغان ئانار شەربىتىنى بەرگەنىدىم، — دەپتۇ.

پادىشاھ قۇتلۇق غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، ۋەزىرلىرىگە دەرھال ھېلىقى جادۇگەر موماينى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي جادۇگەر موماي ھازىر بولۇپتۇ. ئورغۇن ئادەملەرنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلغان بۇ قېرى دەللە ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپ دارغا ئېسىلىپتۇ. چوڭ خانىشنى خانىش گۈلبۈي تىلەپ قاپتۇ. خانىش گۈلبۈي بىلەن مەلىكە گۈلپەرى قۇتلۇق شاھنى قۇچاقلاپ بەخت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. خانىش گۈلبۈي قۇتلۇق شاھتىن ئاتا-ئانىسىنى سورىغانىكەن، پادىشاھ:

— مېنى كەچۈرۈڭ ئامرىقىم، مەن ناھايىتى چوڭ جىنايەتكە يول قويدۇم، مەن بولغان ئەھۋاللارنى ئۇقماي، ئۇلارنى ماڭا قىز ئەمەس ئالۋاستى بەرگەنىكەن، دەپ زىندانغا سالدۇرغانىدىم. ئۇلار ھېلىمۇ زىنداندا، ئەمما، مەن ئۇلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەي كەلدىم. خۇدايىم بۇيرىسا ئۇلار بىلەن دىدار كۆرۈشىسىز، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ھەممە ئىش ئايان بولۇپتۇ. يامانلارنىڭ ھالى يامان بولۇپتۇ، ياخشىلار خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ئادىل شاھ بىلەن قۇتلۇق شاھ مەسلىھەتلىشىپ شاھزادە بېھشئاتا بىلەن مەلىكە گۈلپەرىنىڭ تويىنى يەنە 40 كۈن ئويناپتۇ. قۇتلۇق شاھ، ئادىل شاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشى باشلىق ئادىل شاھنىڭ خەلقىنى ئۆز شەھىرىگە باشلاپ بېرىپ، ئۆزى بىلەن خانىش گۈلبۈينىڭ تويىنى يەنە قىرىق كۈن، شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ تويىنى 40 كۈن ئويناپتۇ. ئىككى شەھەر خەلقى توي ئۈستىگە توي ئويناپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى پادىشاھ ۋە ئىككى شەھەر خەلقى تۇغقان بولۇشۇپ، ياخشىلارنى يۆلەپ، يامانلارنى جازالاپ ئەلدە بەخت-سائادەت ئورنىتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئىمىن روزى
توپلىغۇچى: ياسىن زىلال

# دۇنيا فولكلورى ۋە بىز

ئابدۇكېرىم راخمان (پروفېسسور)

1993-يىلى 10-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 10-ئاينىڭ 29-كۈنىگىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە 5-نۆۋەتلىك فولكلور ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى بىرلىكتە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا تەيۋەن ئۆلكىسىدىن باشقا ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىدىن جەمئىي 100دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. شىنجاڭدىن ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ليۇجىڭشاۋ ۋە مەن ئۈچىمىز قاتناشتۇق. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا، 1988-يىلى ئېچىلغان جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى 5 يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسە قىلىندى؛ بۇندىن كېيىنكى ئېلىمىز فولكلورىنىڭ خىزمەت نىشانىسى ۋە ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ فولكور جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك يېڭى رەھبەرلىك ئورگىنى سايلاپ چىقىلدى؛ يىغىنغا سۇنۇلغان 50پارچىدىن ئارتۇق فولكلور ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىلارنىڭ بىر قىسمى ئوقۇپ ئۆتۈلدى ۋە قىزغىن مۇھاكىمە قىلىندى ھەم فولكلور خىزمىتى ھەققىدىكى تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى.

مەلۇمكى، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ناھايىتى ئۇزاق، پارلاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس فولكلور سىستېمىسىغا ئىگە. ئېلىمىزدە 1927-يىلى فولكلور تەتقىقات جەمئىيىتى بارلىققا كەلگەندىن بۇيان يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى ۋە بۇ جەرياندا جۇڭگو فولكلورىغا ئائىت نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلەندى. لېكىن، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تىنىمسىز ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ۋە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب جىددىيچىلىكى نەتىجىسىدە فولكلور خىزمىتى مەملىكەت كۆلەملىك داغدۇغا قوزغىيالمىدى.

1978-يىلى جۇڭگو فولكلورىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بولغان مەشھۇر فولكلورشۇناس جۇڭ جىڭۋېن قاتارلىق يەتتە پروفېسسورنىڭ جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسنامىسى «خەلق گېزىتى» قاتارلىق بىرقانچە گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن 1983-يىلى جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ 1-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، ئېلىمىزنىڭ فولكلور جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى. 1988-يىلى بۇ جەمئىيەتنىڭ 2-قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن 70يىللىق ئۆمرى فولكلور خىزمىتى بىلەن ئۆتكەن داڭلىق ئالىم جۇڭ جىڭۋېن باشچىلىقىدا ئېلىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس فولكلور تەتقىقات قوشۇنى بارلىققا كېلىپ پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ فولكلور خىزمىتى

ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شىنجاڭدىن باشقا ھەممە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا، ھەتتا خېلى كۆپلىگەن شەھەر ۋە ناھىيىلەردە جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ شۆبە جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، نەچچە مىڭلىغان فولكلور تەتقىقات خادىملىرىنى يېتىشتۈردى ۋە ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى. فولكلورغا بېغىشلانغان نەچچە يۈزلىگەن كىتابلار ۋە مەخسۇس ژۇرناللار نەشىر قىلىندى. ھەر يىلى بىر قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىك فولكلور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. ھازىر ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى فولكلور شۆبە جەمئىيەتلىرى رىياسەتچىلىكىدە فولكلورغا ئائىت مەخسۇس گېزىت-ژۇرناللار تەسىس قىلىنىشتىن تاشقىرى، باش جەمئىيەت رىياسەتچىلىكىدە چىقىرىلىدىغان «فولكلور مۇنبىرى»، «جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «جۇڭگو فولكلور مەدەنىيىتى»، «فولكلور تەتقىقاتى» قاتارلىق قەرەللىك ژۇرناللار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى زور تەسىر قوزغىماقتا.

لېكىن، فولكلور خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى بويىچە ئالغاندا، ئېلىمىزنىڭ فولكلور تەتقىقاتى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ فولكلور تەتقىقات خىزمىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىلا چوڭ بولۇپ تۇرماقتا.

1993-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە تۈركىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەركىزى ئەنقەرەدە يىپەك يولى مىللەتلىرى خەلق ئەدەبىياتى ئىلمىي كېڭەشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ خەلقارالىق ئىلمىي كېڭەشكە 30نەچچە دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن 78نەپەر فولكلورشۇناس قاتناشتى. مەن جۇڭگوغا ۋەكىل بولۇپ، بۇ خەلقارا ئىلمىي مۇھاكىمىگە قاتنىشىش ۋە بىر ئايغا يېقىن تۈركىيىدە ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، تۈركىيە ئىلىم ساھەسى فولكلور خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇ ساھەدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن ئەمەلى تەتقىقات بىر گەۋدىگە ئايلانغان. تۈركىيىلىكلەرنىڭ نەزىرىدە بىر دۆلەت، بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى ۋە ئاچقۇچى شۇ مىللەتنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەنئەنىۋى خەلق ئەدەبىياتى ۋە فولكلور بايلىقلىرى دەپ قارالغاچقا، ئۇلار بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتقا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بىزگە مەلۇمكى، كۆپچىلىك دۆلەتلەردە، جۈملىدىن بىزنىڭ ئېلىمىزدە فولكلور ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان جەمئىيەت-ئورگانلارغا ئادەتتە ئاممىۋى تەشكىلاتلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەمما، تۈركىيىدە فولكلور تەتقىقات جەمئىيەتلىرى كۈلتۈر باقانلىقى (مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى) گە قاراشلىق ئۈچ چوڭ ئىدارىنىڭ بىرى بولۇپ، ھۆكۈمەت راسخوتى ئاجرىتىلىپ ھوقۇقلۇق ئىلمىي ئورگان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدىكەن. تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى فولكلور تەتقىقاتى باش مۇدىرلىك ئىدارىسى ئىچىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بۆلۈمى، خەلق مۇزىكىسى ۋە سەنئەت بۆلۈمى، خەلق ئويۇنلىرى ۋە تىياتىرلىرى بۆلۈمى، بالىلار فولكلورى بۆلۈمى، فولكلور ھۈنەر-سەنئەت بۆلۈمى، خەلق ئۆرپ-ئادەتلىرى بۆلۈمى، خەلق گۈزەل سەنئىتى ۋە فوتوگرافىيە بۆلۈمى قاتارلىق 7شۆبە مۇدىرلىك ھەمدە گېزىت-ژۇرنال ئىشلەش، ئارخىپ-ماتېرىيال بۆلۈملىرى بولۇپ، 150كە يېقىن فولكلور كەسپىي خادىملىرى ئىشلەيدىكەن. مالىيە، تازىلىق، كۈتۈش خىزمەتلىرىنى باشقۇرىدىغان 4-5خىزمەتچىدىن باشقا خادىملارنىڭ

ھەممىسى ئۆز ساھەسى بويىچە مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلى ئۈچ ئاي ۋاقىت مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. گېزىت-ژۇرنال بۆلۈمى تۈرك تىلى ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا پەسىللىك ژۇرنال ۋە بىرقانچە گېزىت ئىشلىگەندىن تاشقىرى، ھەر يىلى ئاز بولغاندا فولكلورغا ئائىت ئون نەچچە پارچە چوڭ كىتاب ئىشلەيدىكەن (باشقا نەشرىيات ئورگانلىرىنىڭ فولكلورغا ئائىت ئىشلەيدىغان گېزىت-ژۇرناللىرى ۋە كىتابلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

فولكلورغا ئائىت ئىشلىنىدىغان بۇنداق كىتاب-ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىكەن. تۈركىيە فولكلور تەتقىقاتى باش مۇدىرلىكىدىن باشقا يەنە ئۆلكە، ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيەلەرگىچە فولكلور تەتقىقات شۆبە ئىدارىلىرى بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆز دائىرىسىدە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىكەن، فولكلورغا ئائىت گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتابلار ئىشلەيدىكەن. بۇ ئورگانلارنىڭ تەۋەلىكىدە كۇتۇپخانا، فولكلور ئارخىپ ئىدارىسى، فولكلور مۇزېيى، فولكلور سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەر بولۇپ، ئۇلار سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل باشقۇرۇلغان.

مېنىڭ دىققەت-ئېتىبارىمنى قوزغىغان ئەڭ قىزىقارلىق نۇقتا شۇ بولدىكى، تۈركىيىدە فولكلور مۇزېيلىرىنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. دۆلەت تىلىك فولكلور مۇزېيلىرىدىن تاشقىرى، ھەر قايسى ئۆلكە، ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيەلەرنىڭ ئۆزىگە خاس فولكلور مۇزېيلىرى بار. بۇ مۇزېيلارغا تارىختىن بۇيانقى تۈرك فولكلورىنىڭ ماددىي ئاساسلىرى ئۆز تۈرى ۋە دەۋر رېتى بويىچە قويۇلغان بولۇپ، بۇ ھەشەمەتلىك مەدەنىيەت سارىيىنى زىيارەت قىلىدىغان مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللىك ئېكسكۇرسىيىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. بۇ ساراي يەنە ئۆز تەۋەلىكىدىكى فولكلور سەنئەتچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولۇپ، ئۇلار شۇ رايوننىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئىتىنى نامايان قىلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ مۇزېيلار ھەم ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە، ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

تۈركىيىنىڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىشلىرىمۇ تەرەققىي تاپقان بولۇپ، ئالتە كانالدىن تارقىتىلىدىغان 24سائەتلىك پروگرامما ئىچىدە بىر كانال مەخسۇس فولكلورغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئاشىقلار (ئاقىنلار) ئېيتىشىشى، خەلق سۆز ئويۇنلىرى، خەلق تىياتىرى، خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرى، بالىلار فولكلورى، مىللىي ھۈنەر-سەنئەت نومۇرلىرى...كۆرسىتىلىدىكەن.

تۈركىيە جۇغراپىيە جەھەتتىن ئاسىيا بىلەن ياۋروپانىڭ تۇتاشقان بوغۇزىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى بۇرۇنلا غەربكە ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەن دۆلەت بولغاچقا، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغان بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى يوقاتمىغان. تۈركىيە ئىلىم ساھەسى فولكلور تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق باشتىن ئاخىر زامانىۋىي مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات مۇناسىۋىتى ۋە بىرلىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن ھەمدە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتى ئىلمىي ھالدا بىرقەدەر ياخشى ھەل قىلىنغاچقا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەن پەيدا بولىدىغان توقۇنۇش ۋە كرىزىس تۈگىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش يولى ئىلمىي ئاساستا

كاپالەتلەندۈرۈلگەن.
تۈركىيىنىڭ فولكلور خىزمىتىدە دىققەتكە
سازاۋەر نۇقتىلارنىڭ بىرى شۇكى، فولكلور
تەتقىقاتى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە پۈتۈن
جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. شۇنىڭ
ئۈچۈن ھەر يىلى تۈركىيىدە فولكلورنىڭ
ھەرقايسى دائىرىلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم
خەلقارالىق ۋە دۆلەت، رايون خاراكتېرلىك
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، فولكلور فېستى-
ۋاللىرى ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىپ تۇرىدىكەن.
ھەتتا ۋىلايەت، شەھەر ۋە ناھىيىلەردىكى
فولكلور شۆبە ئىدارىلىرىمۇ مۇشۇنداق چوڭ
كۆلەملىك فولكلور مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى
ئۆتكۈزەلەيدىكەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى تۈركىيە مائارىپى
فولكلور قوشۇنىنى تەربىيىلەشكىمۇ ئالاھىدە
ئەھمىيەت بەرگەن. ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتې-
تى، غازى ئۇنىۋېرسىتېتى، ھاجى توپە
ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىستامبول ئۇنىۋېرسىتېتى،
مەرمەر ئۇنىۋېرسىتېتى، سالجۇق ئۇنىۋېرسىتې-
تى، ئاتاتۈرك ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇمھۇرىيەت
ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىگېي ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق
داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا فولكلور فاكۇلتېتلىرى
ياكى كافېدىرالىرى بولۇپ، مۇشۇ كەسىپ
بويىچە دوكتورلۇق ۋە ماگىسترلىق ئىلمىي
ئۇنۋان بېرىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان.
بۇ ئورۇنلار خېلى مۇكەممەل فولكلور
قوشۇنىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن.

بىزگە مەلۇمكى، فولكلور ئىلمى
مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى سىستېمىسىغا
تەئەللۇق بولغان خەلقئارالىق بىر پەن
بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە
مەنىۋى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.
بۈگۈنكى دۇنيادا ھەرقايسى پەنلەرنىڭ
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، فولكلورنىڭ تەتقىقات
دائىرىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى ۋە كېڭەيمەك-
تە، پەنلەر ئارىسىدىكى ئىش تەقسىماتى

ماكرولۇق ئومۇملۇقتىن مىكرولۇق خاسلىققا
قاراپ يۈزلەنمەكتە. ھازىر فولكلورنىڭ
تەتقىقات دائىرىسى ماددىي (ئىقتىسادىي)
ئادەتلەر (كىيىنىش ئادەتلىرى، ئولتۇراقلىشىش
— ئۆي-ئىمارەت ئادەتلىرى، يېمەك-ئىچمەك،
ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرى، ئوۋچىلىق، چارۋىچى-
لىق، دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق، باغۋەنچىلىك،
ئورمانچىلىق ۋە ھۈنەر-كەسىپ ئادەتلىرى،
تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋە قاتناش-ترانسپورت
ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)،
ئىجتىمائىي ئادەتلەر (ئائىلە، نىكاھ ئادەت-
لىرى، ئىجتىمائىي، كەسپىي تەشكىلاتلار،
مۇراسىم ۋە ھېيت-بايرام ئادەتلىرى قاتار-
لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مەنىۋى
ئادەتلەر (ھېسسىيات، ئەقىدە، ئېتىقاد،
سېھرىي ئادەتلەر، پىسخىك ئادەتلەر
قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تىل
سەنئىتى ئادەتلىرى (خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-
تى، خەلق ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرى،
ھەرخىل قانتومىملىق ۋە قارۇللۇق تىللار
خەلق ئەلنەغمە تىياتىرلىرى قاتارلىقلارنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەمدە خەلق ئويۇنلىرى
قاتارلىق بەش چوڭ بۆلۈمنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، فولكلور
بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەينىكى بولۇپ،
ئۇ ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە
بۈگۈنىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز فولكلور
تەتقىقاتى ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، ئۆزىمىزنى
باشقىلارغا چۈشەندۈرەلەيمىز. يەنى،
ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولى ئېھتىياج-
لىق بولغان «دۇنيا بىزنى چۈشىنىش، بىز
دۇنيانى چۈشىنىش» شوئارىنى ھەقىقىي
ئىزچىللاشتۇرالايمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن،
مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇمىزنى ئۆستۈرۈپ،
ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىمىزنى ئۇرغۇتالايمىز.
شۇنىڭ ئۈچۈن فولكلورنىڭ ئەھمىيىتى ۋە

رولىغا قارىتا بىزدە يېتەرلىك تونۇش بولۇش كېرەك. «ئۆتمۈشى غۇۋا مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ غۇۋا بولىدۇ» (ۋامبېرى)، ناھايىتى ئېنىقكى، بىز ئۆتمۈشكە قايتمايمىز، بىراق ئۆتمۈشنى ۋە ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان روھىي جەۋھەرلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ، بۈگۈننى ۋە كەلگۈسىنى ياراتقىلى بولمايدۇ. ئۆتمۈش — بىر كۆلەڭگە، بۈگۈن — رېئاللىق، كەلگۈسى — بىر مەۋھۇم تەسەۋۋۇر. بىز ئۆتمۈشنى دەسسەپ تۇرۇپ بۈگۈننى قۇرغانلىقىمىزنى، بۈگۈننىڭ كۆزى بىلەن كەلگۈسىنى پەرەز قىلغانلىقىمىزنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز لازىم. بىر تۇپ دەرەخ ئۈچۈن ئۇنىڭ توپا ئاستىدىكى يىلتىزى قانچىلىك مۇھىم بولسا، فولكلور ئۇدۇملىرىمىز كۆمۈلگەن ئۆتمۈشىمۇ شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى دۇنيادا فولكلور ...ر يېڭى، ئەمما، مۆتىۋەر پەن سۈپىتىدە ...رغانىېرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ...لۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا، دەۋر ئېقىمىغا ئەگىشىپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تېخىمۇ كەڭ جارى قىلدۇرماقتا.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، شىنجاڭ فولكلور ماتېرىياللىرىغا ئىنتايىن باي بولغان ئالاھىدە بىر مەدەنىيەت بەلبېغى ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندا ياشىغۇچى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەر ئۇزاق ئەسىرلىك فولكلور ئەنئەنىسىگە ئىگە. دۇنيا فولكلور خەزىنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»، قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ماناس»، مۇڭغۇل خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «جاڭغىر»غا ئوخشاش ئالەمشۇمۇل قىممەتكە ئىگە مىراسلارمۇ مۇشۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ فولكلور جەۋھەرلىرىدۇر. ۋەھالەنكى، شىنجاڭدا ھازىرغىچە فولكلورنىڭ كىچىك بىر تەركىبىي قىسمى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە مەلۇم خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، بەزى نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، تېخى فولكلورنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى بويىچە نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلمىدى. مەن شىنجاڭدا فولكلور تەتقىقاتىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ياخشى تىلەك ۋە ئارزۇ بىلەن 1986-يىلى شىنجاڭ فولكلور جەمئىيىتى قۇرۇش ھەققىدە بىر تەشەببۇسنامە يېزىپ، ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئىدىم، لېكىن بۇ «تەشەببۇسنامە» جەمئىيەتنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىيالمىغاچقا، ھازىرغىچە شىنجاڭدا بۇنداق بىر مۇھىم ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلمىدى. شۇنىڭ بىلە شىنجاڭ فولكلور تەتقىقاتىدا مەملىكىتىمىز بويىچە ھەممە ئۆلكىلەردىن ئارقىدا قالغان «0» رايون بولۇپ قالدى. بۇ ھال بىز فولكلور خىزمەتچىلىرىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال بىزنىڭ فولكلور خىزمىتىگە بولغان تونۇشىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن فولكلور خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئىدىيە جەھەتتىن چوڭقۇر تونۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن تارتىپ، ھەرقاتلام مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تارماقلىرىنىڭ يۈكسەك دىققەت-ئېتىبارى قوزغىلىشى كېرەك. شىنجاڭدا فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇش، فولكلور مۇزېيى تىكلەش، فولكلور مائارىپىنى يولغا قويۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ساداسى ۋە تارىخنىڭ تەقەززاسى. شۇڭا مۇشۇ ساھەدىكى ئىلمىي خادىملار بۇ تارىخىي بۇرچنى شەرەپ بىلەن زىممىمىزگە ئېلىپ بۇ يىل ئىچىدە ئالدى بىلەن شىنجاڭ فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى يەنە بىر قېتىم مۇراجىئەت قىلىمەن!

# 1988 — 1993 يىللىرىدىكى جۇڭگو فولكلورى

(جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ھەمدە 5 - قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قوشما ئاخباراتى)

دۇڭ شياۋپىڭ

جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى 1927 - يىلىدىن تا بۈگۈنگىچە قەدەر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ بىر قانىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن بېيجىڭ داشۆسىدە قۇرۇلغان قوشاقلار تەتقىقات ئۇيۇشمىسىدىن كېيىنكى جۇڭگو ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى تەتقىقاتىنىڭ يېڭى بابىنى ئاچتى ۋە جۇڭگو ھازىرقى زامان فولكلور ئىلمى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى بەلگىلىدى. ئۇ بوران-چاپقۇن ئىچىدە ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىدى. 70 - يىللارغا كەلگەندە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ مەيىن شامىلىدا، ئۇ قايتىدىن جانلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ فولكلور مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

1978 - يىلى جۇڭ جىڭۋېن قاتارلىق 7 نەپەر پروفېسسور فولكلور ئىلمىنى ۋە فولكلور جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1983 - يىلى جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى چاقىرىلدى. 1988 - يىلى جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. شۇندىن كېيىن بۇ ئىلمىي جەمئىيەت بارغانسېرى زورىيىپ، 1993 - يىلغىچە تەيۋەن ئۆلكىسىدىن باشقا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ھەممىسىدە بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى بارلىققا كەلدى. ھازىر بۇ ئەزالار ئېلىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ئىچىدە 37 مىللەتنى قاپلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق ھالدا «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىش جەھەتلەردە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، پېشقەدەم فولكلورشۇناسلىرىمىز جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە تونۇلدى، ياش ۋە ئوتتۇرا ياش فولكلور خادىملىرى ئاساسىي كۈچكە ئايلاندى، فولكلور ساھەسى بويىچە بىر تۈركۈم دوكتورلۇق، ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساس ئىگىلىرى بارلىققا كەلدى. جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى ۋە يەرلىك شۆبە جەمئىيەتلەر فولكلورغا ئائىت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتاب-ژۇرناللارنى چىقاردى ۋە فولكلور مۇزېيلىرىنى قۇردى، كۆپ خىللىق فولكلور مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو فولكلورشۇناسلىق تەرەققىياتىدا مىسلىسىز گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار فولكلور ئارقىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى روناق تاپقۇزماقتا، ئۇ دۆلەت ئەھۋالىنى ياخشىلاش، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

ۋە خەلقئارا مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى
سۈرۈش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ مۇھىم
رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن
بىللە جۇڭگو فولكلور ئىلمى ئېلىمىزنىڭ
زامانىۋىلاشتۇرۇش مۇساپىسى ۋە ئىجتىمائىي
تۇرمۇشتىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرگە ماس
هالدا خىزمەت يۆنىلىشى ۋە كەسىپ قۇرۇلۇشى
قاتارلىق بىر يۈرۈش جىددىي ئېھتىياجلىق
مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشقا دۇچ كەلدى.

1993-يىلى 10-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن
29-كۈنىگىچە جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى
3-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ھەمدە
5-قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا
ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا مەملىكەت-
نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن
100دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن
ئۇقتۇرۇلۇق ھالدا 2-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر
قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى بەش يىللىق خىزمەتنى
خۇلاسىلىدى ھەمدە بۇ بىر مەزگىلدىكى
ئىلمىي تەتقىقاتلارنى مۇئەييەنلەشتۈردى
ۋە تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئالماشتۇردى.
ئېلىمىزنىڭ فولكلور بايلىقىنى توپلاش، رەتلەش
ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئالا-
ھىدىلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ خەلقنىڭ سۈپە-
تىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئېسىل
ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى جارى قى-
لدۇرۇش، جەمئىيەتنى ئىلگىرىلىتىش ۋە
دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش
جەھەتلەردىكى تارىخىي ۋەزىپىسىنى
تەكىتلىدى. يىغىن ئاساسەن جۇڭگو فولكلور
جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
دەۋرىدىكى ئىلمىي ئورنى، ئىجتىمائىي رولى
ۋە ۋەزىپىسىنى ئېنىقمۇ روشەنلەشتۈردى.
مۇشۇ ئاساستا سايلام ئارقىلىق يېڭى
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى تۇرغۇزدى. ئېلىمىز-
نىڭ داڭلىق مۇتەخەسسىسلىرىدىن چىن
دەيۈن، رېن جيۇ، خورىنجى، يۈ گۇاڭيۈەن،
لۇ داپىڭ، چىن خۇاڭمىي قاتارلىقلار بۇ
يىغىنغا ئالاھىدە تەبرىك خېتى يازدى.
جۇڭگو فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى، داڭلىق ئېتنوگراف، فولكلورشۇناس
پروفېسسور ياڭ كۈن (گەرچە ئاغرىق
سەۋەبىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ)
خەت يېزىپ يىغىننى تەبرىكلىدى. دۆلە-
ت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مائارىپ
مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ مېيفىڭ،
گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار ئىشخانىسى مەدە-
نىيەت-مائارىپ، تەشۋىقات مەھكىمىسىنىڭ
باشلىقى گورۋى، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى شى لىي،
جۇڭخۇا يەن خۇاڭ مەدەنىيەت تەتقىقات
جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ سىيى، بېيجىڭ
پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
ياڭ گوچاڭ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لياڭ تىڭۋاڭ
ۋە جۇماخۇن نىياز، جۇڭگو خەلق ئەدە-
بىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مەسلە-
ھەتچىسى ليۇشىچىڭ ۋە بېيجىڭدىكى ھەر
قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى، جۇڭگو
فولكلور فوتوگرافىيە جەمئىيىتى، جۇڭگو
ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق جەم-
ئىيەتلەرنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى تەكلىپكە
بىنائەن ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.
شۇنداقلا يىغىن يەنە گوۋۇيۈەن مۇھاجىرلار
ئىشخانىسى مەدەنىيەت-مائارىپ تەشۋىقات
مەھكىمىسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنى-
ۋېرسىتېتى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتې-
تى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنىستىتۇتى، جۇڭگو
سەنئەت تەتقىقات ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو
خەلق ئۇسسۇل تەتقىقات ئىنىستىتۇتى، جۇڭگو
ئانتروپولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو
ئېتنوگرافىيە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو
كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئومۇملاشتۇرۇش
تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو فولكلور فوتوگرافې-

يە جەمئىيىتى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇچە خەت ۋە خەنزۇ تىلىدىكى ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقات ئىنستىتۇتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات ئىنستىتۇتى، «فولكلور» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، شاڭخەي فولكلور ئىلمى جەمئىيىتى، جىلىن ئۆلكىلىك فولكلور ئىلمى جەمئىيىتى، فۇجيەن ئۆلكىلىك فولكلور ئىلمى جەمئىيىتى، گۈيجۇ ئۆلكىلىك فولكلور ئىلمى جەمئىيىتى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق فولكلور ئىلمى جەمئىيىتى، تيەنجىن فولكلور مۇزېيى ۋە لوچۈەن فولكلور مۇزېيى قاتارلىق ئىدارە، جەمئىيەتلەردىن كەلگەن نەپەرلىك خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇھىم كۈن تەرتىپى بويىچە ئالدىنقى نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ھاۋالىسىغا ئاساسەن 2-نۆۋەتلىك فولكلور جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇكۈيلى «فولكلور تەكشۈرۈشى ۋە تەتقىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگوچە فولكلورشۇناسلىق تىكلەش يولىدا ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا خۇلاسە دوكلاتى بەردى. ۋاڭ ۋېنباۋ «جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە چۈشەنچە» دېگەن تېمىدا دوكلات قىلدى. تەن شاۋخاڭ «جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مالىيە خام چوتى» ھەققىدە دوكلات بەردى.

پروفېسسور ليۇكۈيلىنىڭ دوكلاتىدا، 1988-يىلدىن 1993-يىلغىچە جۇڭگو فولكلور ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى فولكلور جەمئىيىتى ۋە فولكلور ئىلمىنىڭ تىكلىنىشىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلدى. فولكلور جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بەش يىل مابەينىدە قىزغىنلىق ھەم پۇختىلىق بىلەن فولكلور قوشۇنىنى كېڭەيتىپ، خىلمۇخىل ئىلمىي پائالىيەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، فولكلور ساھەسىدىكى خەلقئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىق كېڭەيتىلدى، جۇڭگو فولكلور مەدەنىيەتى فوندى جەمئىيەتنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە قول سېلىندى، فولكلور نەزەرىيە تايانچلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. جەمئىيەت پېشقەدەم فولكلورشۇناسلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، قوشۇننىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، فولكلور تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، فولكلورنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى رولىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، تەتقىقات مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆزۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. فولكلور كەسپىنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى جەھەتتە، ئۇ نەتىجە چىقىدىغان تۆت ھالقا تۇتۇلغانلىقىنى كۆرسەتتى، يەنى (1) فولكلور نەزەرىيىسىگە ئائىت ژۇرنال ۋە ئەسەرلەر ئەسلىدىكى نەزەرىيىۋى ژۇرناللاردىن «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرى»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئىتى» پەسىللىك ژۇرنىلى ۋە كېيىن قوشۇلغان «جۇڭگو خەلق مەدەنىيىتى» ۋە «فولكلور تەتقىقاتى» قاتارلىق ژۇرناللار سۈپىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بىر تۈركۈم تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىنى ئېلان قىلدى. فولكلورغا ئائىت يېڭى ژۇرناللاردىن «فولكلور»، «ئۆرپ-ئادەتلەر»، «غەربىي شىمال فولكلورى»، «گۇاڭدۇڭ

فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «جۇڭگو ئۆرپ-ئادەتلىرى»، «غەربىي شىمال فولكلورى» قاتارلىقلار ھەر قايسى يەرلىك رايونلاردىكى فولكلور تەتقىقاتىنىڭ نەزەرىيەۋى مۇنبىرى بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردا نەشىردىن چىققان فولكلور ئەسەرلىرى، مەسىلەن، جۇڭ جىڭۋېننىڭ «خەلق مەدەنىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى فولكلورنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ بۆلۈنىشى، فولكلور تارىخى قاتارلىق نەزەرىيىۋى تەتقىقاتلارنىڭ ئېلىمىزدە تەدرىجى چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. (2) فولكلور تەزكىرىلىرى ۋە چەت ئەللەرنىڭ كلاسسىك فولكلور ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى بارلىققا كەلدى. «جۇڭگو يەرلىك تەزكىرىسى فولكلور توپلىمى» قاتارلىق چوڭ ھەجىملىك كىتابلار، فولبېي تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن شاخ» قاتارلىقلار نەشىر قىلىندى. بۇلار فولكلور ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش خىزمىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. (3) فولكلور مۇزېيلىرى قۇرۇلدى. پەقەت شەنشى ئۆلكىسىدىلا فولكلور مۇزېيىدىن ئۈچى قۇرۇلغان. پۈتۈن مەملىكەتتە كۆرگەزمە خاراكتېرلىك فولكلور مۇزېيلىرى 100 دىن ئاشىدۇ. بۇلار مىللەتنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ئېگىمىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى ھەمدە بۇ مۇزېيلار فولكلور يادىكارلىقلىرىنى ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. ئالىي مەكتەپلەر ۋە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنى مەركەز قىلىپ، فولكلور كەسپى بويىچە دوكتۇر، ماگىستىر قاتارلىق يۇقىرى قاتلاملىق مەخسۇس ئىختىساس ئىگىلىرى تەربىيىلەندى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن ئۇچرىشىپ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىنكاسلارنى پەيدا قىلدى. بەش يىل جەريانىدا ئېلىمىزدە ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى كۆپلىگەن تارماق پەنلەر تەتقىقاتى فولكلور ئىلمىغا چېتىلىپ، بىر تۈركۈم يېڭى پەنلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش داۋامىدا باشقا ئىدېئولوگىيە فورمىلىرى ۋە ماددىي تۇرمۇش ساھەلىرى، مەسىلەن، رادىئو-تېلېۋىزىيە، مۇھاجىرلار تەشۋىقات ئىشلىرى، ساياھەت، مۇلازىمەت ۋە ئىقتىسادىي سودا ساھەلىرى قاتارلىقلاردا مىللىي فولكلوردىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئېسىل مەدەنىيەتنىڭ رولىغا قارىتا يۈكسەك ئېتىبار قوزغالدى. بۇ ئەھۋال فولكلور خادىملىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي نەتىجىلىرىنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىشتىكى جاۋابكارلىق بۇرچىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتتى.

دوكلاتتا، يېڭى دەۋردە ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدە قانداق چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى، ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ئۇسۇلغا تايىنىپ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىقتىدارى، قىممىتى ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ خىزمەت يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات نۇقتىسىنى ئىگىلەش كېرەكلىكى كۆرسىتىلدى.

دوكلاتتا يەنە، جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتىنىڭ بىر ئىلمىي تەشكىلات ئىكەنلىكى، شۇڭا ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى جەمئىيەتكە بەخت يارىتىشتىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدىغانلىقى، ئەمما، فولكلور مەدەنىيىتى خىزمىتى بىلەن فولكلور تەتقىقاتىنى پەقەت ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشنىڭ ۋاستىسى دەپلا قارىساق ئۇ ھالدا بۇ پەن ئىلىم سەھنىسىدىن چېكىنىشكە يۈزلىنىدىغانلىقى، شۇڭا فولكلورنىڭ ئەمەلىي ئىشلىنىش مەسىلىسىگە قارىتا ئەتراپلىق، چوڭقۇر، يىراقنى كۆزلەيدىغان دىئالېكتىك قاراش بولۇشى لازىم، دەپ كۆرسىتىلدى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بۇ دوكلاتنى قىزغىن ئالقىشلاپ، ھەممىسى بىردەك بۇ خىزمەت دوكلاتىنىڭ نىشانى يۇكسەك، باھالىرى ئەقىلگە مۇۋاپىق، دەلىل-ئىسپاتلىرى چوڭقۇر بولدى، دەپ قاراشتى.

بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ 2-كۈنتەرتىپى ئىلمىي مۇھاكىمە بولدى.

فولكلور ئىلمىنىڭ بۆشۈكى — ياۋروپا، ئەمما سىرتتىن كىرگەن نەزەرىيە قانچىلىك ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ جۇڭگونىڭ ئەھۋالى بىلەن بىرلەشمىسە، خۇددى سۇنىڭ ئۇستىدىكى كۆپۈكتەك لەيلەپ قالىدۇ. جۇڭگودىكى بىر قانچە ئەۋلاد فولكلور خادىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتى چوڭقۇر. ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى فولكلور تەرەققىياتى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ گۇمانتارپەنلەر نەزەرىيىسى جەھەتتىكى پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، دالا مەشىقى ۋە ئەمەلىي تەتقىقاتقا ئېتىبار بېرىپ، جۇڭگوچە فولكلور سىستېمىسىنى قۇرۇش يولىدا ئەستايىدىل ئىزدىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل ئىلمىي كەيپىيات بۇ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا يېڭىچە روھ بېغىشلىدى. نەتىجىدە، بۇ قېتىملىق مۇھاكىمىنىڭ تاللانغان تېمىلىرى پۇختا، يېڭى ئۇچۇرلارنىڭ مىقدارى كۆپ، كۆپچىلىك ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىلمىي مەسىلىلەر بىر قەدەر مەركەزلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندى. بۇ نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 50 پارچىدىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇۋالدى.

يىغىننىڭ 1-باسقۇچى ئىلمىي جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش بولدى. جۇڭ جىڭۋېن قاتارلىق تۆت نەپەر ئالىم يىغىندا سۆز قىلدى. پروفېسسور جۇڭ جىڭۋېن «فولكلور تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە تەرەققىيات نىشانى» دېگەن تېمىدا سۆزلەپ، فولكلور ئىلمى خەلقئارالىق بىر پەن بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك باسقۇچتا ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مۇئەييەن نەزەرىيە ھادىسىسىگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئىندۇۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

جۇڭگو فولكلورىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، فولكلور خادىملىرى مۇنداق 3 خىل مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئېتىبار قىلىش لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى، يەنى فولكلور تەتقىقاتى بىلەن ئىقتىسادىي دولقۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، فولكلور تەتقىقاتى بىلەن فولكلورىزمنىڭ مۇناسىۋىتى، فولكلور تەتقىقاتى بىلەن ئىلمىي ئىستىلنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار. ئۇ، بۇ ھەقتە توختىلىپ، جۇڭگو ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئىسلاھات، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ ھەممىسى كۆپ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى، فولكلور ھادىسىلىرىنىڭ ئەنەنەشۇ خىلمۇ خىل قاتلاملار بىلەن مۇناسىۋىتى كۆپ ھاللاردا جەمئىيەتنىڭ خاھىشى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ بىر تارىخىي مەزگىلدە فولكلور تەتقىقاتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن مۇھىم. فولكلور ئىشلىرى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى شەك-شۈبھىسىزكى، فولكلور ئىلمىغا مۇھتاج. ئالايلۇق، فولكلور تەتقىقاتى بىلەن ھازىرقى زامان شەھەرلىرىنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى فولكلور ئېڭىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىغا باغلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر بىر قەدەر

مۇرەككەپ. بىزنىڭ فولكلورشۇناسلىرىمىز ئۆگىنىش ئۇسلۇبىنى توغرىلاپ، جۇڭگو فولكلورىنىڭ ئاساسىي ماھىيىتى بىلەن تەرەققىيات نىشانىنى تونۇپ يېتىپ، ئېلىمىزنىڭ پەن قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرىشىمىز لازىم. پېشقەدەم فولكلورشۇناس جۇڭ جىڭۋېن ئېلىمىز فولكلورىنىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچتا ساقلىنىۋاتقان نەزەرىيە جەھەتتىكى مۈجمەللىكلەرگە جاۋاب بەردى.

پروفېسسور ۋۇ جىڭئەن «ياپونىيە، گېرمانىيە، چاۋشيەن قاتارلىق دۆلەتلەر ۋە تەيۋەن قاتارلىق رايونلارنى زىيارەت قىلىش دوكلاتى» دېگەن تېمىدا سۆزلەپ، مەملىكەت سىرتىدىكى فولكلورشۇناسلىقنىڭ تەرەققىيات ھالىتىنى تونۇشتۇردى. بۇ ئېلىمىز فولكلورىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئويلىشىشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

تەتقىقاتچى سۇڭ بىيلىن «تارىخىي تەرەققىياتقا ماسلىشىپ، فولكلور تەتقىقاتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى جۇڭگو فولكلور تەتقىقاتى، يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان فولكلور ماتېرىياللىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش، ئۇنىۋېرسال سېلىشتۇرما فولكلورشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ۋە ئەمەلىي فولكلور تەتقىقاتىغا دىققەت قىلىش قاتارلىق مەسىلەر ھەققىدە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، بۇ ئىلمىنىڭ تارىخىنى ئەسلەپ، جۇڭگو فولكلورشۇناسلىقى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە شەكىللىنىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە جۇڭگو فولكلورشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى ۋاڭ گوۋېينىڭ «چەتنىڭكى بىلەن ئۆزىمىزنىڭكىنى بىرلەشتۈرۈش» تەشەببۇسى، سەي يۈەنپېي ئەپەندىنىڭ «تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن دالا تەكشۈرۈشىنى بىرلەشتۈرۈش» توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرى ئاساسىدا 20-، 30-يىللاردىلا ئېلىمىزدە ئاز بولمىغان فولكلورشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار كىتاب دۆۋىسى ئىچىدىن چىقىپ، خەلق ئارىسىغا يۈزلىنىپ، كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ، جۇڭگو فولكلورشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى پۇختىلىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش، توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشقا كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر گەرچە ناھايىتى زور بولسىمۇ، لېكىن، فولكلورشۇناسلىققا ئەھمىيەت بېرىش يېتەرلىك بولمىدى. پەقەت «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان بۇ مەدەنىيەت توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ فولكلورشۇناسلىقى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. يېقىندا يەنە، ياپونىيە توكيو مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي ئانتروپولوگىيە ئىلمىنىڭ پروفېسسورى دۇبيەن شىنشۇڭ ياپونىيىنىڭ فولكلور تەتقىقات ئەھۋالى بىلەن ياپونىيىنىڭ شىمالىدىكى بېيخەي ئارىلىنىڭ فولكلور تەتقىقات ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

يىغىننىڭ 2-باسقۇچىدا گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىنىڭ مەزمۇنى ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتى.

1. يەرلىك تارىخ، جۇغراپىيە، جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە كىشىلىك مەدەنىيەتكە ئائىت ماتېرىيال مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، يەرلىك فولكلور ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش. ۋەكىللەر جۇڭگونىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، ئۆرپ-ئادەتلىرى خىلمۇ خىل، شۇڭا دالا تەكشۈرۈش (ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش) نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي پاكىتلىق تەتقىقاتنى قانات يايدۇرغاندىلا، تەتقىقات تېمىسى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىدۇ، دەپ قاراشتى.

2. جۇڭگو فولكلورىنىڭ مەۋجۇد بولغان نەزەرىيىۋى ھادىسىلەردىن ئىبارەت بۇ قاتلامغا ئېتىبار بىلەن قاراش. جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، جۇڭگو فولكلور مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە ئاساسىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان جۇڭگو فولكلورشۇناسلىقى ئىلمي بولغان نەزەرىيە ۋە ئۇسۇلغا تايىنىپ، فولكلور ئىلمىنىڭ جۇڭگوچە يېڭى شەكلىنى تىكلەش. ۋەكىللەر يەنە، غەرب فولكلور نەزەرىيىسىنىڭ ئوپراتسىيە پىچىقىدا جۇڭگو فولكلورىنى ئوپراتسىيە قىلىشتا، ئەگەر پىچاق مۇۋاپىق كەلسە ئىشلىتىش، مۇۋاپىق كەلمىسە تاشلىۋېتىپ ئۆزىگە خاس ئوپراتسىيە خاس ئوپراتسىيە پىچىقى تەييارلاش، ئادەتتىكى فولكلور ھادىسىلىرى بىلەن جۇڭگو فولكلور ئىلمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە، چەتنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ فولكلور نەزەرىيىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا ئورۇنداشلىق، پېشقەدەم فولكلور-شۇناسلىرىمىزنىڭ تەتقىقات ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخي مەدەنىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئىلمي جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا جۇڭگوچە تۈس ئالغان فولكلورشۇناسلىق سىستېمىسىنى قۇرۇش لازىم، دېيىشتى.

3. فولكلور ئىشلىرى كۆپ قاتلامدىن تەركىب تاپقان بىر ئىلمي تەرەققىيات سىستېمىسى. بۇ قېتىمقى يىغىن ۋەكىللىرى ئالىي مەكتەپ، تەتقىقات ئورگانلىرىنى ئاساس قىلغان مۇتەخەسسىسلەر قوشۇنى، ئاساسىي قاتلام فولكلور مەدەنىيىتى خىزمەتچى خادىملىرى ۋە كەسپىي باشقۇ-رۇش كارخانىلىرى قوشۇنىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ قاتلام گىرەلىشىپ خىزمەت قىلىپ، جۇڭگو فولكلورىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئۈچ سەپ بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەر قايسى سەپنىڭ خىزمەت ۋە تەتقىقات نۇقتىسى ئايرىم بولۇپ، يېڭى دەۋر جۇڭگو فولكلورىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى ۋە ئورتاق خىزمەت ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈردى. كەسپىي باشقۇرۇش ساھەسىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ سۆزى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كەسىپكە ماھىر بولۇش لازىملىقى، ئىقتىسادىي ئىسلاھات جەريانىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەر خىل ئامىللار بىلەن ھەل قىلىپ، تەتقىقاتچى خادىملار ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى شارائىت يارىتىپ، فولكلور قوشۇنىنىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئۈچىنچى كونتېرتىپى بويىچە نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى. ۋەكىللەر ئەتراپلىق ئويلىنىش، بىرلىكتە كېڭىشىش ئاساسىدا پروفېسسور جۇڭ جىڭۋېن رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى.

پروفېسسور جۇڭ جىڭۋېن بۇ نۆۋەتلىك يېڭى ھەيئەت رىياسەتچىگە ۋەكالەتەن قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەپ، يولداشلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ مۆجىزە يارىتىشىنى، كېلەر قېتىم جەم بولغاندا كۆپچىلىكنىڭ مول ھوسۇل تەنتەنىسى ئىچىدە جۇڭگو فولكلورىنىڭ شانلىق مەنزىرىسىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

مېھراي ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى

# تولغىنىپ كۈچاگىغا كىردىم

يار قېشىدا ئولتۇرسا،
گۈل بىلەن مۇنار قىلسام.
يار ئىچىدە بىلمەمدۇ،
ھەرقانچە گۇناھ قىلسام.

ئېتىمنى قويىۋەتتىم،
تاغدىكى قىياقلارغا.
يارنىڭ شولىسى چۈشتى
سۇ ئىچكەن بۇلاقلارغا.

ئاخشىمى قاراڭغۇدا
خويما كۆيىدۇ چىراق.
ناخشا ئېيتسام ئۈن يەتمەس،
يارىمنىڭ ئۆيى يىراق.

ئاتام بولسا، ئانام بولسا،
ئۆلۈم بولمىسا.
ئۆلگەنلەرگە بېھىش بولسا،
زۇلۇم بولمىسا.

باغقا كىرىپ ئالما يەڭ،
باغنىڭ مېۋىسى بىزنىڭ.
بىزنى دېسىڭىز يارىم،
جاندىن ئۆزگىسى سىزنىڭ.

يار ئىشىكىدە تۇرۇپ
بىر جىلۋە قىلاي، دەيدۇ.
خۇش نازى بىلەن ئۈندەپ
كۆڭلۈمنى ئالاي، دەيدۇ.

تەلۋىلەردەك تولغىنارمەن
ۋەسلىگە يەتمەككە مەن.
يولغا قويدۇم بېشىمنى
جان پىدا ئەتمەككە مەن.

قاشلىرى كامان يارنىڭ
بۇلبۇلى بولاي، دەيمەن.
ھەر كۈنى سەھەرلەردە
قولىغا قوناي، دەيمەن.

كۆچ-كۆچ دېسە بىلمەيدۇ
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

يارىمنىڭ ئۆيى قايسى،
ئاتاي قوينۇمدىكى تاشنى.
دۈشمەنلەر ماراشىپتۇ،
ئەمدى كۆرسۇن ئويناشنى.

ئاسماندىكى بەش قاقىر،
چۈشكەن يەرلىرى تاقىر.
دۈشمەننىڭ سۆزى يامان،
ياردىن ئايرىدى ئاخىر.

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
ئىككى ئۆتكۈنۈم تاشلىق.
بىزنى ياردىن ئايرىغان
قولۇم-قوشنىلار باشلىق.

غانجۇغامدا ئارغامچا،
سايرامغا باراشىم بار.
سېنى دېمىسەم يارىم،
بۇ شەدە نېمىشىم بار.

كەتمەكچى بولۇپ قالدىڭ،
كېتەمسەن مېنىڭ بىلەن؟
ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى
ئۆتكۈزەي سېنىڭ بىلەن.

ساي بىلەن يۈرۈپتىمەن،
سايدا يىلاننىڭ قۇيرۇقى.
سەن قىزىڭنى بەرمىسەڭ،
باردۇر خۇدانىڭ بۇيرۇقى.

كەتمەكنى بايان ئەيلەپ،
مارجان بىلەن يول ئالدىم.
ئاتام بىلەن ئانامغا
مەككىدەك ساراي سالدىم.

خۇدايا خۇدا بەندە،
مېنى بەندەڭگە خار قىلما.
نېمە قىلساڭ ئۆزەڭ قىل،
بىلەر-بىلمەسكە زار قىلما.

يارىم كۆينەك كىيىپتۇ
گۈلى يوغان سىن-سىندا.
ئەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇ
ئۇلۇغ-كىچىك تىنسىلا.

ئەينۇلايۇ ئەينۇلا،
ئەينۇلاڭنى ئۈزۈۋالدىم.
ئاكسىغا تۇيدۇرماي
سىڭلىسىنى سۆيۈۋالدىم.

ئىچسەم-ئىچسەم مەس قىلمايدۇ
تېرىق بوزاسى.
سەن بىلمەيسەن، بىر يارىم بار
قوينىڭ قوزاسى.

قېشى قارا ئۆتۈپ كەتتى،
مەپە بىلەن سەيلىگە.
كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى
قويۇپ بەرمە مەيلىگە.

بىزنىڭ يارنىڭ ئوييناشى،
ئېگىز ئۆگزىنىڭ باشى.
قولىدا چىكىم ياغلىق،
قارا كۆزىدە ياشى.

دەريانىڭ ئۇ قاشىدا
كىيىكتىن تولا توشقان.
بىزنىڭ يار قەلەم قاشىنىڭ
لېۋىگە ناۋات قوشقان.

يېتىم دەرلەر، يېتىم دەرلەر،
يېتىم قىلسا خۇدا قىلدى.
ئاتالاردىن-ئانالاردىن
جۇدا قىلسا خۇدا قىلدى.

دەردنى دەردمەنلەر بىلۇر
ئاغرىقنى تارتقانلار بىلۇر.
كۈچ بىلەكتە، دەرد يۈرەكتە،
دەردنى سارغايغاندا بىلۇر.

سايراڭ بۇلبۇلۇم
گۈلنىڭ بەرگىدە.
جانلار قاقشىدى
يارنىڭ دەردىدە.

قارا قاشىڭ باشتا بولۇر،
سەگەنچۈكى شاختا بولۇر.
مەن يارىمنى كەچتە كۆرسەم،
ئەتىگەنلىك ناشتا بولۇر.

قىزىل-يېشىل مارجان كۆردۈم
بىلەكىڭىزدە.
بېلىق بولۇپ ئويناۋالاي
يۈرەكىڭىزدە.

ئالتۇن بىلەن ئەينەكنى،
كىم سوققاندۇ چەينەكنى.
تاپالماسەن مەندەكنى،
مەن تاپارمەن سەندەكنى.

مەن ئۆزۈم يالغۇز بالا،
بېشىمغا كەلدى مىڭ بالا.
ئوتقا قاقلاپ سۇ قويساڭ،
ئېرىمەس كۆڭلۈم ساڭا.

كۆڭلىكىڭنىڭ ئېتىكى،
ئېتىكىدە چېچەكى.
بىزنى تاشلاپ سۆيگۈنۈڭ
ئۆتۈكۈمنىڭ پېتىكى.

ئالما چېچەكى باغدا،
يۇلغۇن چېچەكى تاغدا.
يار ئايرىلمەن دەيدۇ
غۇربەتلىك يامان چاغدا.

قېشىم تاتىدۇ مېنىڭ،
قەشقەردىن كېلەر يارىم.
ئۆزى كەلمىسە يارىڭ،
خەتلىرى كېلەر دائىم.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ئوڭ قولۇمدا تاشىم بار.
بۇۋاپانى سۆيمەيمەن،
مېھرىبان ئاداشىم بار.

قاراڭغۇدىن قورقمايمەن،
ھەمرايىم تۇمارىم بار.
ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ياراتقان خۇدايىم بار.

يارىم بەرگەن ئۈزۈكنى
ئوڭ قولۇمدا ساقلايمەن.
يارىم، سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ،
ئەرۋاھىڭنى يوقلايمەن.

يىغلىما ھەسرەت چېكىپ،
جېنىم تېخى تەندىدۇر.
مەن ئۆزەم كەتكەن بىلەن،
كۆڭلۈم ھامان سەندىدۇر.

يارىنىڭ ئۆيى بالقاشتا،
بەلگۈسى قارا تاشتا.
ئانچە مەيلىڭ بولمىسا،
نېمىشقا ئوينۇدۇڭ باشتا؟

قولۇڭدىكى ئالمىڭنى
كىمگە بېرىسەن ئاقلاپ؟
ماڭا بەرمىگەن كۆڭۈلنى،
كىمگە بېرىسەن ساقلاپ؟

ئوڭ يېنىمدىن ئۆتسەڭچۇ،
سول يېنىمدىن ئۆتسەڭچۇ.
قېشى قارا مۇلايىم،
گۇناھىمدىن ئۆتسەڭچۇ.

سېنىڭدەك ياخشى بىر گۈل
باغدا ياتامدۇ؟
سورايمۇ مەن باغۋەندىن،
پۇلغا ساتامدۇ؟

ياندا بولاق قايىنىغاندەك
يارىمنىڭ كۆزى.
شېكەر-ناۋات شورىغاندەك
سۆزلىگەن سۆزى.

باغدا ئالما پىشىپتۇ،
يەرگە تۈك-تۈك چۈشۈپتۇ.
قاملاشمىغان قىزنىڭغا
ساراڭ كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ.

كاككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى
ھەر يەردە ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتىنى
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

ئېشىك ئالدى قىزىلگۈل،
ئاتنى باغلاڭ مېھرىگۈل.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
مەن يارىمغا ناماقۇل.

مەس بولۇپ يوقتۇر مادارىم،
يۆلەپ ئالسۇن يارىم مېنى.
گۈل بولۇپ ئالدىڭدا تۇرسام،
بىر سۆيەلمىدىڭ مېنى.

ئوتمۇ سەن-ئاتەشمۇ سەن،
قايدىن تۇتاشتىڭ سەن ماڭا.
مەندىكى ئوتنى ئېلىپ،
قادىر خۇدا سالسۇن ساڭا.

سەكرىۋا بېغىڭغا كىردىم،
بىر قىزىل ئالما ئۈچۈن.
بىر قىزىل ئالما نېمە،
سەن گۈزەل يارىم ئۈچۈن.

بايىنىڭ باللىرى دەيدۇ،
بىرى بىرىدىن دودەن.
چىقمايسەن تالا-تۈزگە،
ئامرىقىم جېنىم مودەن.

ئېشىكنى قىيا ئاچقىن،
مەن سېنى كۆرۈپ ئالاي.
چېچىڭنى سىيلاپ تۇرۇپ،
قانغۇچە سۆيۈپ ئالاي.

يارىم مېنى چىللايدۇ،
بارسام ئەتە تىللايدۇ.
تىللىسىمۇ تىللىسۇن،
يۈرىكىم يارغا قانمايدۇ.

تولغىنىپ كوچاڭغا كىردىم،
سېنى تاپتىم ئەۋرىشىم.
يۈرىكىم زەرداپ بولۇپ،
قانغا ئۆرۈلدى كۆز يېشىم.

كېچە بولسا تاڭ ئاتمايدۇ،
قىيامەت بولغان ئوخشايدۇ.
ئۇچاي دېسەم ئۇچالمىدىم،
قاناتىم سىنغان ئوخشايدۇ.

كۆتەرمەمۇ-كۆتەرمەمۇ،
شۇنچىمۇ كۆتەرمەمۇ.
ئالتۇن قارا كۆز يارنى
سۆيەلمەي ئۆتەرمەمۇ.

قارغايىنى كېسىپ قويدۇم،
قۇرىسا ئالارمەن دەپ.
ئېتىمنى قوشۇپ قويدۇم،
بۇيرۇسا بارارمەن دەپ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: سىراجىدىن، ئىسمايىل غازى، مۇھەممەت جابىرى

توپلىغۇچى: غاپپار ئەخمەت

# زاكمايدان

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا زاكمايدان ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئادەم پەيدا بولغاندىن تارتىپ، بۇ پادىشاھنىڭ زامانىغا كەلگۈچە نۇرغۇن زامانلار ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن، كىشىلەرنىڭ يېيىشى بىرخىللا تاماق بولۇپ، كۆجە قاينىتىش ياكى ئاشلىقنى تۈگمەندە تارتىپ ئۇماش چېلىپ ئىچىشنى بىلىدىكەن، باشقا ھېچ قانداق تاماقنىڭ تۈرىنى بىلمەيدىكەن. شۇ كۈنلەردە زاكمايدانىڭ دۆلىتىگە بىر ئاشپەز كەپتۇ. ئۇ نەسلىدە ئادەم ئەمەس، شەيتان ئىكەن. شەيتان زاكمايدانىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، مەن ھەر خىل تاماق ئېتەلەيمەن، سىزگە تاماق قىلىپ بېرىشنى خالايمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ:

— ئاشلىق بولسا خامنى پىشۇرۇپ يېيىشنى كىم بىلمەيدۇ؟ — دەپتۇ. ئاشپەز:

— تاماق دېگەننىڭ تۈرى كۆپ، مەن ئۇن بىلەن ھەر خىل تاماقلارنى ئېتەلەيمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، قېنى ئېتىپ باق، — دەپتۇ پادىشاھ. شۇنداق قىلىپ شەيتان ھەر خىل كۆكتات بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر كۈن سوزۇپ ئاش، بىر كۈن تۈگۈپ ئاش (چۆچۈرە، مانتا)، بىر كۈنى سۇيۇقئاش دېگەندەك تاماقلارنى ئېتىپتۇ. بۇ تاماقلار پادىشاھنىڭ ئاغزىغا شۇنداق تېتىپ كېتىپتۇكى، ئاغزىدىن سېرىق سۇلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ. زاكمايدان بۇنى كۆرۈپ، بۇغداي بىر خىل بولغان بىلەن تاماقلارنىڭ تۈرى كۆپ ئىكەن، بۇ ئاشپەز بولغىدەك، دەپ ئويلاپتۇ ھەمدە ئاشپەز نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىرلاپ بېرىپتۇ. تۆت-بەش شاگىرت بېرىپ تەربىيىلەپ چىقىپتۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاشپەز پادىشاھقا:

— ئەي ئۇلۇغ پادىشاھ، مەن بىرنەچچە يىل خىزمىتىڭىزدە بولدۇم. شاگىرتلارمۇ يېتىشىپ قالدى، ئەمدى يۇرتۇمغا يانسام، — دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ:

— سەن بىزنىڭ يۇرتقا ۋە ماڭا ياخشى خىزمەت قىلدىڭ، ئىككىنچىدىن، مېنىڭ زامانەمگە كەلگەندە ئاشپەزچىلىك ھۈنىرى ئاشكارىلاندى، ئەمدى سېنىڭ قانداق تىلىكىڭ بولسا ئېيتقىن، مەن رازى قىلىمەن، — دەپتۇ. ئاشپەز:

— مېنىڭ ئارتۇق تەلىپىم يوق، پەقەت بىرلا تەلىپىم بار، مەن سىزنىڭ ئىككى مۈرىڭىزگە سۆيۈپ قويسامال بولدى، — دەپتۇ. پادىشاھ ئويلانمايلا:

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى، سۆيۈپ قويغىن، — دەپتۇ ۋە كىيىملىرىنى سېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاشپەز كېلىپ پادىشاھنىڭ ئىككى مۈرىسىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ-دە، خوشلىشىپ كېتىپتۇ. ئاشپەز بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن ئىككى يىلان ئۆسۈپ چىقىپ، ئىككى قۇلاققا زەھىرىنى سانچىغىلى خىرىس قىپتۇ. پادىشاھ قورققىنىدىن:

— ۋاي جاللات، چاپسان يىلاننى چاپ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

جاللات كىرىپ يىلانلارنى چېپىپ تاشلاپتۇ. لېكىن، ئورنىدىن يەنە ئىككى يىلان ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئىكەن، يەنە ئۈنۈپ چىقىپتۇ. بۇنىڭغا ئامال قىلالماي ئوردا ئۆلىمالىرى مەسلىھە تىلىشىپ يىلاننىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئادەم تېپىپ،

بۇ يىلاننىڭ نېمە تەلىپى بارلىقىنى سوراپ باقايلى، — دېيىشىپتۇ.

يارلىق چىقىرىپ «يىلاننىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئادەم بولسا ئوردىغا كەلسۇن» دەپ جاكارلاپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئاشپەز بولغان (شەيتان) باشقا ئادەم سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئوردىغا كەپتۇ-دە:

— مەن يىلاننىڭ تىلىنى بىلىمەن، — دەپ جاكارلاپتۇ.

ۋەزىر، ئۆلىمالار ئۇنىڭدىن:

— دەرھال بۇ ئىككى يىلانلاردىن سوراڭ، بۇلارغا نېمە لازىم ئىكەن؟ — دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم يىلاننىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى سورىغاندەك قىلىپ، ئوردا ئەھلىگە:

— بۇ يىلانلار، ھەر كۈنى بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىنى بەرسە ئاندىن پادىشاھقا تەگمەيمىز دەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، زىنداندىكى بىر گۇناھكارنى ئۆلتۈرۈپ مېڭىسىنى بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يىلانلار ھەر كۈنى بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىنى يەيدىغان بوپتۇ. بۇ زالىم پادىشاھنىڭ دەستىدىن زىنداندىكى گۇناھكارلار تۈگەپ، كوچىدا ئىككى ئادەم پاراڭلىشالمايدىغان، بىللە يۈرەلمەيدىغان، بىر-بىرىنى كۆرسە قاچىدىغان، بولمىسا تۇتۇپ كېلىنىپ ئۆلتۈرۈپ يىلانغا يەم قىلىنىدىغان بوپتۇ. پۈتۈن شەھەرنى قورقۇنچ قاپلاپ كېتىپتۇ. ئادەم سانى كۆپ ئائىلىلەردىن بىر ئادەمنى ئېلىپ كېلىپ يىلانغا بېرىدىغان بوپتۇ. ئاخىرى بولمىغاندا ئادەم مېڭىسى بىلەن ئۆتنىڭ مېڭىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىدىغان بوپتۇ.

شۇ يۇرتتىكى بىر تۆمۈرچىنىڭ سەككىز بالىسى بار ئىكەن. دەسلەپ سەككىز بالىسى بارلارغا نۆۋەت كەلگەندە بىر بالىسىنى ئاپتۇ، يەتتە بالىسى بارلارغا نۆۋەت كەلگەندە يەنە بىرنى ئاپتۇ. ئالتە بالىسى بارلارغا نۆۋەت كەلگەندە يەنە بىرنى ئاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى بىر بالىسى بارلارغا نۆۋەت كەپتۇ. تۆمۈرچى يەتتە بالامنى ئېلىپ كەتتى، ئەمدى ئەڭ ئاخىرقىسىنىمۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولۋاتىدۇ، سەككىز بالامنىڭ دەردىنى تارتىپ يۈرگىچە ئۆزۈم ئۆلۈپ تۈگىشەي دەپ ئويلاپتۇ. بىر كۈنى تۆمۈرچىنىڭ ئۆيىگە پادىشاھنىڭ نەۋكەرلىرى كېلىپ، بالىنى ئوردىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تۆمۈرچى:

— ئاڭلىسام، ئوردىدا ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ يىلانغا بېرەرگۈدەك. يىلانغا باشقا نەرسىنىڭ مېڭىسىنى بەرسەك بولمامدۇ؟ — دەپتۇ. نەۋكەرلەر ئاغرىنىپ:

— يىلانلارغا پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىدىن قورقۇپ پۇقرالارنىڭ مېڭىسىنى بېرىۋاتىدۇ. پادىشاھ بىر كۈنى سېنىڭ، بىزنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، جاھاندىن خوشلاشمامدۇ!؟ — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈرچى:

— مەن يىلاننىڭ تىلىنى بىلىمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان نەۋكەرلەر تېزدىن ئوردىغا قايتىپ بېرىپ:

— داد، پادىشاھىم! شەھىرىمىزدە يىلاننىڭ تىلىنى بىلىدىغان يەنە بىر ئادەم بار ئىكەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— دەرھال شۇ كىشىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

تۆمۈرچى بىلىگە بازغاننى قىستۇرۇپ ئوردىغا كەپتۇ.

پادىشاھ تۆمۈرچىگە:

— ھەي، سەن يىلاننىڭ تىلىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. تۆمۈرچى:

— خوش، تەقسىر، بىلىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا سوراپ باققىن، يىلانغا

نېمە كېرەك ئىكەن؟ — دەپتۇ. تۆمۈرچى:
— ھەممە ئادەم چىقىپ كەتسۇن، ئاندىن سورايمەن، — دەپتۇ. پادىشاھدىن باشقىلار چىقىپ كېتىپتۇ. تۆمۈرچى پادىشاھنىڭ ئولڭ مۈرىسىگە قاراپ يىلانغا كەد، كەد، كەد، دەپ ئۈچ قېتىم، ئايلىنىپ سول مۈرىسىگە ئۆتۈپ دەل، دەل، دەل دەپ ئۈچ قېتىم قاتتىق ۋارقىراپتۇ. ئاندىن ئارقىغا ئۆتۈپ بازغاننى چىقىرىپ پادىشاھنىڭ مېڭىسىگە راسا ئۇرغان ئىكەن، پادىشاھ موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ. باشقىلار كىرگىچە پادىشاھنى ۋە ئىككى مۈرىسىدىكى يىلاننى يانچىپ تاشلاپتۇ. ئەسلىدە يىلان ھېلىقى شەيتان ئاشپەزنىڭ ئۆزى ئىكەن. يىلان ئۆلۈش بىلەن تەلڭ ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ.
شۇ چاغدا ئوردا ئەھلى كىرىپ كەپتۇ، تۆمۈرچى ئۇلارغا قاراپ:
— يۇرت بولۇپ ئىككى ئادەم پاراڭلىشالمىسا، ئەركىن يۈرەلمىسە، ئۆيلەردە بالا-چاقا قالمىسا، بۇ قانداق زالىملىق؟ مەن يۇرت ئۈچۈن بۇ زالىمنى ئۆلتۈردۈم، مېنى ئەمدى چاپساڭلارمۇ ئىختىيارىڭلار، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوردا ئەھلى يىغلاپ تۇرۇپ:
— شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ زالىملىققا قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. پادىشاھ بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى تۇرۇقلۇق ئۆزىنى قوغداپ، باشقىلارنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى، بۇگۈن تۆمۈرچى ھەممىمىزنى قوتۇلدۇردى، بىز تۆمۈرچىنى پادىشاھنىڭ ئورنىغا قويىمىز، — دەپ تۆمۈرچىنى پادىشاھ قىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتتا خاتىرجەملىك ئورنىتىلىپ، خەلق تىنچ-ئامان، ئىناق-ئىجىل بولۇپ ئۆتۈپتۇ.
ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاقبەگ تۆمۈر
توپلىغۇچى: ئابدىرېھىم راخمان، قادىر ئىسمايىل

## تاتار خەلق ماقال-تەمسىللىرى

چەتتە سۇلتان بولۇشتىن
ئەلدە ئۇلتان بولۇش ئارتۇق.
كۆكتە چولپان بولۇشتىن
سۇدا چورتان بولۇش ئارتۇق.

قانچىلىك يوغان بولسىمۇ،
يالغۇز دەرەخ ئۆي بولماس.
قانچىلىك ئەپچىل بولسىمۇ،
يالغۇز يىگىت بەگ بولماس.

يالغۇز بالىنىڭ قىلىقى ياۋدىن يامان.

ماڭلايدىن ئاققان ئاچچىق تەر
تاپانغا يەتسە تۇز بولار.
قۇلاققا يەتكەن سوغۇق سۆز
يۈرەككە يەتسە مۇز بولار.

ئايدىن يورۇق نەرسە يوق،
قارا بولۇت باسمىسا.
ئادەم غېرىبى شۇ بولۇر،
قايتىپ ئېلىنى تاپمىسا.

قورالسىزغا قول سالغان
خوتۇن بولۇر، ئەر بولماس.

قاچقان ياۋغا خوتۇن ئەر.

ئىشارەت بىلمىگەن تىل بىلمەس؛
تىل بىلمىگەن ئەل بىلمەس.

ئەر كۆڭلى يىپەكتەك،
بىر تۈگۈلسە يېشىلمەس.

تارازىغا سالسالڭ تەلڭ ئەمەس،
مىسقالغا سالسالڭ كەم ئەمەس.

توپلىغۇچى: مالىك

# ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئىقتىساد-مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئاساسى

لى يۈلى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى كلاسسىك مىللىي مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نامىدا پۈتۈن جاھاندا شۆھرەت قازاندى ۋە قازانماقتا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ نادىر كلاسسىك مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار ئىنتايىن قىزىقىش بىلەن تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەم ئېلىپ بارماقتا، شۇنداقلا بىر قاتار چوڭقۇر تەتقىقات نەتىجىلىرىگىمۇ ئېرىشمەكتە.

ھازىرقى ۋاقىتتا، خەلقئارا ئىلىم-پەن ئەھلىلىرى ئارىسىدا سېلىشتۇرما مۇزىكشۇناسلىق جۇش ئۇرۇپ راۋاج تاپماقتا. بۇ سېلىشتۇرما مۇزىكشۇناسلىقتا مۇزىكىنى گۇمانىتار ھادىسە سۈپىتىدە، ئۇنىڭ يېتىلىپ تارتقان مەدەنىيىتى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئىقتىساد-مەدەنىيەت ئاساسلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئېتنىك ئاساسىغا مۇراجىئەت قىلىپ كۆرسەك بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا سەنئىتى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ يارقىن، ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ خاراكتېرلىك مىللىي خۇسۇسىيىتىنى، مىللىي ئىستېتىك پسىخولوگىيىسىنى نامايەن قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتى ئۆزىنىڭ مۇكەممەل پەدىلىرى، يېتۈك ۋەزىنلىرى، ئورگانىك رېتىم تىپلىرى ۋە مېلودىيە تۈزۈلۈشلىرى ھەمدە كۆپ خىل چالغۇ ئەسۋابلاردىن تەركىب تاپقان ئىچكى باغلىنىشلىرى ئىنتايىن زىچ بولغان بىر كاتتا سىستېما بولغاچقا، زور ھاياتىي كۈچ-قۇۋۋىتىنى نامايىش قىلدى ھەمدە شۇ زور ھاياتىي كۈچ بىلەن مىڭ يىللار داۋامىدا ئۆز بېشىغا كەلگەن ئىجتىمائىي، تەبىئىي بالايى-ئاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، ھازىرقى زامان ئىلغار ئىدېئولوگىيە ۋە مەرىپەت نۇرىدىن بەھرىمەن بولدى.

## 1

ئالىملار ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى غەربىي ئاسىيادىن تارتىپ، تا ئىران ۋە ھىندىستانغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىلەردىكى خەلقلەرنىڭ مۇقاملىرى بىلەن كۆپ جەھەتلەردە ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە دېيىشمەكتە. دەرۋەقە، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئاۋاز دەرىجىلىرى بويىچە ئاشۇ خەلقلەرنىڭ مۇزىكىلىرى بىلەن ئوخشاشىيەتتە پەدىلىك ئاۋاز دەرىجىسىگە ئىگە؛ ئۇيغۇر مۇزىكىسى ھېلىھەم ئاشۇ خەلقلەرنىڭ مۇزىكىلىرى بىلەن ئوخشاش تۆتتىن ئۈچ ئاۋاز ۋە ساددا ۋەزىننى قوللىنىدۇ؛ چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىسمى ۋە شەكلى بىر خىل ياكى ئاساسەن بىر خىل. نېمە ئۈچۈن؟

مىلادى VII ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن ئىسلامىيەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مىلادى X ئەسىردە تارىم ۋادىسىغا يېتىپ كېلىشى ئاشۇ ئورتاقلىق ياكى ئوخشاشلىقنى شەكىللەندۈرۈشكە سەۋەبچى بولدىمۇ ياكى ئانچە ئۇزاق بولمىغان دەۋرلەردە مەسىلەن، مىلادى بېشىدىن باشلانغان دەۋرلەردە ئاشۇ خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا بىر خىل خاراكتېرلىك ئىقتىساد - مەدەنىيەت ئالاقىسى باغلانغانلىقى نىلقى تۈپەيلى ئاشۇ ئورتاقلىق، ئوخشاشلىق شەكىللىنىپ چىقتىمۇ؟

بۇلارغا مەن ئىنكار جاۋابى بېرىمەن، ئەلۋەتتە.

بىز ئالدى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ يىراق ئۆتمۈشكە مۇراجىئەت قىلايلى. ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، پامىر ۋە تەڭرى تاغلىرىنىڭ تۆۋەنلىرىدە پالېئوت (كونا تاش) ۋە مېزولىت (ئوتتۇرا تاش) دەۋرلىرىگە مەنسۇپ ئارخېئولوگىيە مەدەنىيەتلىرى (3) ھەمدە بۇنىڭ راۋاجى بولۇپ ئورغۇنلىغان نېئولىت (يېڭى تاش) دەۋرىگە مەنسۇپ ئارخېئولوگىيىلىك خارابىلار ئارقا-ئارقىدىن تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى، لوپنۇر كۆلى بويىدىن تېپىلغان رەڭلىك ساپال بۇيۇملىرى ۋە بۇغداي تېرىقچىلىق خارابىسىدۇر. بۇ خارابىنىڭ قايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر ئىختىلاپلىرى بار. بەزىلەر «ئۇ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىن 4000 يىل نېرىسىگە كەتمەس» دەپ قارىسا، (4) بەزىلەر «لوپنۇر ۋە تارىم بويلىرىدا مىلادىيىدىن مۇقەددەم ئۈچىنچى مىڭ يىللىق بىلەن ئىككىنچى مىڭ يىللىق ئارىلىرىدا رەڭلىك ساپال ۋە بۇغداي تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى مەۋجۇت بولغان» دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، تارىم ۋادىسىدا بۇغداي تېرىقچىلىقى ئاساسىدىكى ئولتۇراقلاشقان نېئولىت مەدەنىيىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يىراق ئۆتمۈش ئېپتىداسىنى شەكىللەندۈرگەن مەنبەلەرنىڭ ئەڭ مۇھىممىدۇر. بۇ مەسىلە تارىم ۋادىسىنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى جايلاردا مەۋجۇت بولغان بۇغداي تېرىقچىلىقىدىن ئىستىسنا ھالدا يېشىلىشكە بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. پۈتۈن دۇنياغا مەلۇمكى، ياۋا بۇغداي ئۆسۈملۈكىنى يۇرت زىرائىتى قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش بىرىنچى بولۇپ بۇندىن ئون مىڭ يىللار مۇقەددەم غەربىي ئاسىيادا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدى. (6) بۇنىڭدىن 8-9 مىڭ يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەيتۇن نامازگاھ ۋە ئاناۋ (ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخاباد يېنىدا) قاتارلىق جايلارغا يېتىپ كەلگەن. (7) ھازىرغىچە تارىم ۋادىسىغا بۇغداي تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى قاچان كەلگەنلىكى ئىلىم - پەندە تېخى بىر بوشلۇق بولسىمۇ، لېكىن تارىم ۋادىسى ئارقىلىق شەرققە تارقىلىپ، تا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىغا قەدەر يېتىپ بارغانلىقى مەلۇم بولدى.(8)، دېمەك، ئەڭ ئاز دېگەندە بۇندىن 7 مىڭ يىللار بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا ئەڭ قەدىمىي دېھقانچىلىق ئىگىلىكى مەيدانغا كەلگەن، دەپ پەرەز قىلساق مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىراق، بۇ پەرىزىمىز يەنە ئارخېئولوگلىرىمىزنىڭ مۇشەققەتلىك مېھنەتلىرى بىلەن ئىسپاتلىنىشقا تېگىشلىك. ھالبۇكى تارىم ۋادىسىدىكى بۇغداي تېرىقچىلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رەڭلىك ساپالچىلىق ئۇسلۇبىغا ئوخشاش رەڭلىك ساپال ئاساسىغا قۇرۇلغان نېئولىتنىڭ مەدەنىيەت خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىكى سۆك تېرىقچىلىقى ئاساسىغا

نېئولىتنىڭ مەدەنىيەتتىن ئوچۇق ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن تەبىئىي جۇغراپىيە ۋە ماددىي مەدەنىيەت جەھەتلىرىدە غەربىي ئاسىيادا جاھان نېئولىتنىڭ ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن پۈتۈن تارىم ۋادىسى ئاشۇ غەربىي ئاسىيادىن ئېقىپ چىقىپ شەرققە قاراپ كەلگەن مىسسوپوتامىيە ۋە ئىران مەدەنىيەتلىرىنىڭ دولقۇنلىرى گىردابىغا چۆمۈلۈپ كەتكەن. پايونىيلىك ئىككى ئالىم ماتسۇداتوشىئو بىلەن خاگاساۋاكازتوسكىنىڭ «تارىم ۋادىسىدىكى مەملىكەتلەر» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا، تارىم ۋادىسىدىكى يىراق قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ پامىرنىڭ غەربىدىكى مەدەنىيەتلەر بىلەن بولغان «ئىنتايىن چوڭقۇر باغلىنىشلىرى» كۆرسىتىلدى. ئومۇمەن بىرەر تېرىتورىيەدە مەۋجۇت بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان نېئولىتنىڭ مەدەنىيەت شۇ تېرىتورىيەدە تىۋىلىزاتسىيە دەۋرىگە كۆچكەندىن كېيىن ھەتتا مىلادقا كۆچكەندىن كېيىنمۇ پۈتۈن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىلىك ئاساس بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بىرەر خەلقنىڭ يىراق قەدىمىي ئەجدادلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان، تەرەققىي قىلغان نېئولىتنىڭ مەدەنىيىتى ئاشۇ خەلقنىڭ تاكى ھازىرقى زامان مەنىۋى مەدەنىيىتىگىمۇ ئىجابىي ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. تارىم ۋادىسىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق: تارىم ۋادىسىدا بۇنىڭدىن 6 ـ 7 مىڭ يىللار مۇقەددەم مەيدانغا كەلگەن بۇغداي تېرىقچىلىقى ئاساسىدىكى نېئولىتنىڭ مەدەنىيەتنىڭ تۈزۈلۈشى ھەم راۋاج تېپىش يوللىرى ۋە شەكىللىرى شۇنىڭدىن باشلاپ ھەتتاكى يېقىنقى زامانغىچە ئىزچىل داۋام ئەتكەن ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى ۋە ئۇسلۇبىنى، ئاساسىي ئامىللىرى ۋە قانۇنىيەتلىرىنى، قىسقىسى، ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى بەلگىلىگەن. بۇ يەردە ئىككى خەلقنىڭ ئىنتايىن ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلاردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ھازا تۇتۇش ۋە ماتەم بىلدۈرۈش ئۆرپ-ئادەتلىرىدىكى ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنى كۆرسەتسەم، بۇ پىكرىمنىڭ ئىسپاتى بولار. خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا تا ھازىرغىچە ۋاپات بولغان كىشىلەرنى يەرلىككە قويغاندا سۆك ئېشىدىن بىر تاۋاقنى يېڭى قەبرە ئالدىغا قويۇش ئادىتى بار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان زۇنۇن قادىر تەرىپىدىن يېزىلغان «گۈلنىسا» دىرامىسىنىڭ تۆتىنچى پەردىسىدە سۈرلۈك قەبرىستانلىق ئىچىدە گۈلنىسانىڭ قەبرىسىگە دادىسى سامساق خورجۇندىن بۇغداي ئېلىپ چاچقانلىقى كۆرسىتىلىدۇ (10) دېمەك، بۇ يەردە، بىرى «ئەرۋاھ»قا سۆك بېرىدۇ، بىرى بۇغداي بېرىدۇ. مانا بۇ نەقەدەر خاراكتېرلىك سېلىشتۇرما ـ ھە!

دېمەك، تارىمدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتىدە غەربىي ئاسىيا، ئىران ۋە ھىندىستان مۇزىكا سەنئەتلىرى بىلەن كۆپ تەرەپلەردە ئوخشاشلىق ياكى ئورتاقلىق بولغانلىقى ئىسلامىيەت ئىدېئولوگىيىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمىي بولغان بىر قەدەر ئوخشاش ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئاساسلىرىدا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن بولماس.

بۇ يەردە شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولىدۇكى، تارىم ۋادىسىدىكى ئەڭ يىراق ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ئاساسلىرى يىپەك يولى ئېچىلغۇچە شۇ جايلاردىكى پۈتۈن مەنىۋى مەدەنىيەت (جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتى)نىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم شەكىل ۋە ئىچكى ماھىيەتكە ئىگە بولۇشىدا ھەل

قىلغۇچ رول ئوينىغان، شۇنداقلا ئۆز مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ پىسخىك ۋە ئېستېتىك خاراكتېرى ھەم خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇقلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارغان. شۇ سەۋەبتىن، يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئىقتىسادىي مەدەنىي ئالاقىلاردىن زىچراق بولغان تۇرلۇك ئالاقىلار پەيدا بولغان بولسىمۇ، خۇاڭخې دەرياسى بويلىرىدىن ۋە موڭغۇلىيە دالاسىدىن كەلگەن ھەم بۇرۇنقىدىنمۇ كۆچەيگەن مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تەسىراتلىرى تارىمدا شەكىللىنىپ بولغان ۋە بىرقەدەر تولۇقلاشقان مەنىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى بۆلەكچە ئۆزگەرتىش ئەمەس پەقەت ئۇنىڭ ھۆسنى ئۈستىگە ھۆسن قوشۇش رولىنىلا ئوينىدى.

تارىمدا نېئولىتىك مەدەنىيەت بۆگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئەڭ يىراق ئۆتمۈش ئېپتىداسى دېگەنلىك ـ مەدەنىيەت، خۇسۇسەن مۇزىكا سەنئىتىگە دائىر ھەممە كونكرېت مەدەنىيەت مەسىلىلىرى بىر خىل تەرزدە ياكى بىرخىل ئەندازىدا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەستۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر مۇزىكا تېرمىنولوگىيىسىدە «مۇقام» سۆزى ئەرەبچە «مقام» دىن كەلمەي، بەلكى قەدىمىي كۇسەن تۇخارى تىلىدىكى makayane تىندىن ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خېلى كېيىنكى زامانلارغىچە ئەرەبچە «مقام» بىلەن ئېتىپاقەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى بابىللىقلار (مىلادىيىدىن بۇرۇن 1894 ـ 1595) ۋە فىنكىلىقلار (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئۈچىنچى مىڭ يىللىق بىلەن ئىككىنچى مىڭ يىللىقلار ئارىسى) تەرىپىدىن يارىتىلغان ۋە تارقىتىلغان لۇد (كېيىنچە ئۇد) چالغۇسى ھەمدە ئەرەبلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان ۋە ئىبرانىيلار تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان رەباب (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى X ئەسىرلەر) چالغۇسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزاقتىن بېرى چېلىپ كەلگەن راۋاب، تەمبۇرلىرىنىڭ باغلىنىشى بولغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي ئەجدادلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىجادىيەتلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش — ئىنتايىن جىددى پوزىتسىيە بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

## 2

ئەمدى ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان مۇشۇ مۇزىكا مەدەنىيەت ئىگىسىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئېتنىك ئاساسى بىلەن بولغان باغلىنىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تارىم ۋادىسىدا تۇرلۇك دۆۋلەرگە مەنسۇپ ئاسار ـ ئەتىقىلەر كەينى ـ كەينىدىن تېپىلدى ۋە ئۇلار ئۈستىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى ھەم ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇنىڭ جاھان ئىلىم ـ پەن تارىخىدا غايەت چوڭ ئۆتتۇق بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى ئىلىم ـ پەن ئەھلىلىرىگە مەلۇمدۇر.

شۇنىڭ ئىچىدە، براھمى يېزىقى، قاروشتى يېزىقى ۋە باشقا يېزىقلاردىكى تېكىستلەرنىڭ ئوقۇپ بىلىنىشى ۋە ھازىرقى زامان لىنگۋىستىكا نۇقتىنەزىرىدىن ئەتراپلىق يورۇتۇلۇپ چىقىشى بىزنىڭ ھازىرقى مۇشۇ تېمىمىزنى قىممەتلىك دەلىللەر بىلەن تەمىنلىدى. خەلقارا تۇخار ۋە ساك تىلى ئالىملىرىنىڭ ئاشۇ يازما ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ئىككىنچى

مىڭ يىللىقلاردا ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق دەۋرلەردە تۇخارى تىلىدا سۆزلەشكەن قەبىلىلەر تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. تۇخارىلاردىن كېيىن، مىلادىيدىن بۇرۇنقى بىرىنچى مىڭ يىللىقنىڭ باشلىرىغا قەدەر يەنە ساك تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر غەربتىن تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كىرگەن ھەم ھازىرقى قەشقەر، مارالبېشى، ياركەن، خوتەن ۋە لوپنۇر كۆلى بويى قاتارلىق جايلارغا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. (13) ئالىملار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، يازما تېكىستلەردىكى تۇخارى ھىندۇ-ياۋرۇپا تىللار ئائىلىسىگە كىرسىمۇ، ئۆزىگە قوشنا بولغان ھىندىلار ياكى ئىرانىيلارنىڭ تىللىرىغا يېقىن كەلمەستىن، بەلكىم ئۆزىدىن بەك يىراقتا تۇرغان، يەنى غەربتە تۇرغان كەلتىك، يۇنان ھەتتاكى ھېتتىن تىللىرىغا ئوخشاپراق كېتىدىكەن. (14) بۇلا ئەمەس، تۇخارى تىلى تېكىستلىرىدە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا كەڭ دائىرىدە جايلاشقان ئەڭ قەدىمىي پروتودراۋىدىلارنىڭ تىلىغا ئوخشاش بولغان ئېلېمېنتلار كۆرۈلگەن. يەنە كېلىپ، قەدىمىي كاشغاردىن تارتىپ ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن)، نىيە، كرورايىنا بويلاپ جايلاشقان ساكلارنىڭ تىللىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئۈچ دىئالېكتقا ئايرىلغان ۋە شۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كونىراق بولغىنى كاشغار ھەم ئۇنىڭ شەرقىدىكى مارالبېشىغا جايلاشقان ساك تىلى ئىكەن. ئالىملار يەنە قەدىمىي كرورايىنانىڭ ساك تىلى دىئالېكتىدا تۇخارى تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى بايقىغان. (17) بۇ ئەھۋالغا مىلادىيە XI ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق سەيياھ شۆەنجۋاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ زامانىسى غەربىي دىيار خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىدا ھازىرقى نىيە بىلەن چەرچەن ئارىسىدىكى بىر جاي (ئا.ستەيىن ئەندىرە دەپ كۆرسەتكەن جاي) نى «كونىنا تۇخارى دۆلەتتۇر» دەپ يازغىنى دەل توغرا كېلىدىكەن. ئەگەر بىز بۈگۈنكىچە تارىم ۋادىسىدا پەيدا بولغان ئاشۇ قەدىمىي تىل - يېزىقلار يۈزىسىدىن قولغا كەلتۈرگەن مانا مۇشۇنداق ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاساسەن، 19- ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىنگلىز ئالىمى ھۇكسلىنىڭ قەدىمىي مىسىرلىقلار بىلەن ھىندىستان دراۋىدلىرىنىڭ بىر ئورتاق مەنبەسى بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال ناھايىتى مۇقەددەم زامانلاردا ھىندىستاندىن تا ئىسپانىيىگىچە قارامتۇل تەنلىك ئادەملەر جايلاشقان ئۇزۇن بەلباغ شەكىللىك زونا (كېيىنچە كىشىلەر تەرىپىدىن «ھۇكسلى زوناسى» دەپ ئاتالغان بەلباغ) يېيىلغا بولۇشى مۇمكىن، بۇ بەلباغدا ياشىغا ئاشۇ ئادەملەر جاي - جايلاردىكى نېئولىتىك مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىگىلىرى ھەمدە تىسۋىلىزاتسىيە ئىجادكارلىرىدۇر، دېگەن پەرىزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق ھەمدە شۇ تەرىقىدە تارىم ۋادىسىنىڭ ئۇزاق قەدىمىي ھاياتىغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، ئاشۇ تەكلىماكان چۆلىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا ئېھتىمال دراۋىدلاردىن تۇخارلارغىچە يەنە ساكلارغىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللار داۋام ئەتكەن ئېتنىك تەركىبلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئاساسىدىكى ئىقتىساد-مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىل ھەم سىستېمىلىق كۆرۈنۈشلىرىنى بۇ كەمگىچە بولغان ھەرقانداق ۋەقەلەردىنمۇ ئوچۇق كۆرەلەيتتۇق.

كەينىك قىسقىسى، جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان

ئارىئانلارغا تەۋە توخارىلار ۋە ساكلار (جۈملىدىن ئۇلاردىن بۇرۇن ياشىغان دراۋىدلار) نىڭ ئېتنونىملىرى تارىختىن ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەس، خۇسۇسەن ئۇلار تەرىپىدىن يارىتىلغان، داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان يۈكسەك سەۋىيىلىك ئىقتىساد-مەدەنىيەت ترادىتسىيىلىرى يوقىلىپ كەتكەن ئەمەس. مىلادى X ئەسىردىن باشلاپ بۇ خىل ئىقتىساد- مەدەنىيەت ترادىتسىيىلىرى تۈرك-ئۇيغۇر تىللىرى شەكلىدە نامايەن بولىدىغان بولدى. دېمەك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئەڭ ئاۋۋال ئارىئانلار ئائىلىسىدىن كەلگەن توخارلار ۋە ساكلار ئۇنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق مەنتىقى يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇكى، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمىي ئارىئان ئاھالىسى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئەجدادلىرىنىڭ ئاساسى ياكى غولىدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى ئېتىبارى بىلەن، تارىختا «غەربىي دىيار» دەپ ئاتالغان تارىم ھاۋزىسىدىن قۇمۇل بوستانلىقلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى قەدىمىي ئاھالىسىنىڭ ئەۋلادىدۇر.

بۇ يەردە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك ئىككى مەسىلە بار: بىرىنچى، ئىككى مىڭ يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە تارىم ۋادىسىغا چاڭلار (羌人)، خەنزۇلار، سوغدىلار، ھىندىئانلار ۋە باشقىلار كېلىپ يەرلىك خەلققە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئىراق، بۇلار، بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك تارىم ۋادىسىدا ئېتنىك جۇغراپىيىۋى ئىقتىساد-مەدەنىيەت تىپى ئاساسەن شەكىللىنىپ بولغان ۋە تۇراقلىشىپ قالغاندىن كېيىن كەلگىنى ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن، سان جەھەتتىن ئاز بولغىنى ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بولالمىغان، پەقەت قىسمەنلا تەركىبىي قىسىم بولۇپ قوشۇلغان. ئىككىنچى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىن باشلاپ تا مىلادى IX ئەسىرلەرگىچە شىمالىي دەشت-داللاردىن تۈركىي تىللاردا سۆزلەشكۈچى ۋە شۇ تىلغا قېرىنداش تىللاردا سۆزلەشكۈچى ھونلار، قاڭقىللار، كۆك تۈركلەر، قارلۇقلار، باسمىلار، ئۇيغۇرلار ۋە باشقىلار قۇمۇل-تۇرپان بوستانلىقلىرىغا ۋە تارىم ۋادىسىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. ئۇن ئەسىر داۋامىدا توختاۋسىز كېلىۋەرگەن تۈركىي تىللار دولقۇنلىرى تارىم ۋادىسىدىكى ئارىئانلار ئائىلىسىدىكى قەدىمىي ئاھالىنى تۈركلەشتۈرۈپ ۋە ئاخىرى ئۇيغۇرلاشتۇرۇپ بولدى. ئاقىۋەتتە يۈەن-موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مىسلىسىز بىرلىكى ئاساسىدا پۈتۈن تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان-قۇمۇل بوستانلىقلىرىدا بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ يېتىلىپ جاھان مىللەتلىرى قاتارىدا مۇھىم ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك شىمالىي دەشت-داللاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بارا-بارا تېررىتورىيە، تىل، ئىقتىساد، پسىخولوگىيە ۋە ئۆز ئېڭى جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن تارىم ۋادىسىدىكى خەلققە ئايلاندى. دېمەك، تىلى، ئۆز ئېڭى ئۇيغۇر ئېڭى (مىفولوگىيە ۋە باشقىلار جەھەتتە) بولدى. ئىراق، ئىقتىساد-مەدەنىيەت تىپى، جۈملىدىن سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى بويىچە تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي توخارلار ۋە ساكلارنىڭ ھەممە ماددىي-مەنىۋى مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ۋە ترادىتسىيىلىرى ئۇيغۇر نامىدا داۋاملىق جارى قىلىنىۋەردى ۋە راۋاج تېپىۋەردى. بۇنىڭغا شۇ پاكىت مىسال بولالايدۇكى، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى

قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەۋەسىدە قالمىش ئەۋلادلىرى بولغان سېرىق ئۇيغۇرلاردا مۇزىكا سەنئىتى ئاساسەن قەدىمكى هونلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولمىش بۈگۈنكى ۋېنگىرلارنىڭ بەش ئاۋازلىق مۇزىكىسىغا ئوخشاش بەش ئاۋاز دەرىجىسىدە بولغان. ھالبۇكى تارىم ۋادىسىغا كەلگەن تۈركىي تىلداش خەلقلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇنداق شىمالىي دەشت-دالا خاراكتېرلىك ھەم بەلكىم ئىپتىك خاراكتېرلىك بەش دەرىجە ئاۋازلىرى مەھەللىۋى مەدەنىيەت تەركىبىگە قوشۇلماي قالغان.

بۇ يەرگە كەلگەندە شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا مۇمكىن بولىدۇكى، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەردىن بولغان توخارلار ۋە ساكلار ئارىيان ئائىلىسىدىكى ۋە قەدىمكى ئىرانىيلار، ھىندى ئارىيانلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن خەلقلەرگە ئوخشاشلا، پۈتۈن ئارىيانلار دەسلەپ شەكىللەنگەن ناھايىتى يىراق ئۆتمۈش زامانلاردا ئۆز تەبىئىي جۇغراپىيىلىك شەرت-شارائىتلىرى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەھۋاللىرى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن ھەم مۇقىملاشتۇرۇلغان ئورتاق مەنىۋى-مەدەنىيەت تىرادىتسىيە ۋە ئىستېتىك پىسخىكىغا ئىگە بولغىنىدەك، يەنە دەرىجىلىك ئاۋازلار سىستېمىسى ئاساسىدىكى ئورتاق مۇزىكا سەنئىتىگە ئىگە بولغان ئىدى. مانا بۇ، ئۇيغۇر كلاسسىك - مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئىپتىك ئاساسى ياكى مەنبەسى بولسا كېرەك.

ئەگەر بىز يەنە تېخىمۇ يىراق ئۆتمۈشكە مۇراجىئەت قىلساق، شۇنداق ئېيتالايمىزكى، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان «ھۆكسىلى زۇناسى»نىڭ قەدىمكى تارىم ۋادىسىغا تارقىلىشى، يەنى قارامتۇل تەنلىك دىراۋىدلارنىڭ توخارلاردىن بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا ياشىغىنى بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ قالسا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تېخىمۇ يىراق ئۆتمۈش ئىپتىك مەنبەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئوبدان دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. چۈنكى، مېسوپوتامىيىدە مىلادىيدىن بۇرۇن تۆتىنچى مىڭ يىللىقلاردا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىلىۋىزاتسىيە مەشئىلىنى ياققان ھەم شۇندىن كېيىن سام-ھام خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىرىگە بىرىنچى ئۇل سالغان سۇمېرلار ئاشۇنداق خەلققە مەنسۇپ ئىدى. مىلادىيدىن ئاۋۋالقى ئىككىنچى مىڭ يىللىقلاردا ھىندى دەرياسى ھاۋزىسىدا ۋەيران بولغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ھاراپپا مەدەنىيىتىنىڭ ئىگىسى ئاشۇ دىراۋىدلار ئىدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، مانا ئاشۇ «ھۆكسىلى زۇناسى» دەپ ئاتالغان ئۆزۈن بەلباغدا كېيىنكى زامانلاردا بىردەك تەرەققىي قىلغان ھەمدە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئىلىك ئىپتىداسىنى ئاشۇ دىراۋىدلار باشلىغان دەپ پەرەز قىلساق، خاتالاشمىسىمىز مۇمكىن.

3

يۇقىرىقى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا تېرمىنولوگىيىسىنىڭ توغرا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە چۈشەندۈرۈلۈشى ھەققىدە بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇم كەلدى.

ئون ئىككى مۇقام تېرمىنلىرىدىن مەرغۇلە، چارگاھ، پەنجىگاھ، سېگاھ، ئەجەم، داستان قاتارلىق نۇرغۇن سۆزلەر يا تەلەپپۇزى بويىچە تەرجىمە قىلىنغان، يا بولمىسا كۆپىنچە ئۆز مەنىسىدىن قاچۇرۇلغان ھالدا تەرجىمە قىلىنغان. تەلەپپۇز

بويىچە تەرجىمە قىلىنغانلىرى ئىچىدە يەنە توغرا چۈشەندۈرۈلمىگەنلىرى بار. مەسىلەن: «مەرغۇلە» سۆزىنىڭ ئىككى تۈرلۈك لېكسىك مەنىسى بولۇپ، مۇزىكىغا ئائىت بىر مەنىسى «بۇلبۇل ئاۋازى»، «ئاھاڭدارلىق ئاۋازلار»دىن ئىبارەت. بىراق، خەنزۇچىغا «间奏曲» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «سېگاھ»، «چارگاھ» قاتارلىق ئېرمىنلەرنى ئالساق، «سېگاھ» ئېرمىنى ئەڭ قەدىمكى مۇقاملاردىن بىرىنىڭ نامى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە «سېگاھ-پەدىسى» بىرىكمىسىدە بىمولى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ياكى كۈما بىمولىنى بىلدۈرىدۇ. (22) «چارگاھ» ئېرمىنى، «تۈرك مۇزىكىسىنىڭ بىر نومۇرلۇق ئاددىي مۇقامى ۋە ئاساسىي تىزىمى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە ئىنگلىزچە ئىزاھاتتا: «تۈرك مۇزىكىسىدا ئاساسىي دەرىجىلىك ئاددىي مۇقام بولۇپ، غەرب مۇزىكىسىدىكى ئاۋاز دەرىجىسىگە تەڭ ھەمدە ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئارىلىق (olc—c) ئاۋازىدۇر» دەپ كۆرسىتىلگەن. (23) «پەنجىگاھ» بولسا «قەدىمىي مۇرەككەپ مۇقاملاردىن بىرى»-دۇر. (24) «پەشرەۋ» سۆزىنىڭ توغرا يېزىلىشى «پېشرەۋ» بولۇپ، چوڭ كلاسسىك-ئاھاڭلار چېلىنغاندا، كىرىش قىسمىدىن كېيىن چالىدىغان كۆپىنچە تۆت ئاۋازلىق ۋە تۆت تەسلىملىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. (25) شۇڭا «پېشرەۋ» ئالدىن چالىدىغان ئاھاڭ مەنىسىدە بولۇپ، «پېش» (ئىلگىرى، ئالدى)، «-رەۋ» (ماڭماق، سىلجىمەك) مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئون ئىككى مۇقامدەك نادىر ۋە مۇبارەك مۇزىكا سەنئەت مىراسلىرىدا مىڭ يىل ئالدىدا ئەبۇ نەسىر ئەل فارابىدەك مۇزىكشۇناسلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان مۇزىكا ئىلمىنىڭ دۇردانىلىرى ساقلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشۇ مۇزىكا ئىلمىنىڭ دۇردانىلىرىنى مۇجەسسەملەندۈرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا لۇغەت فوندىغا جىددىي قاراش لازىم.

تەرجىمىدىكى يەنە بىر مەسىلە، ئۇيغۇر كلاسسىك ۋە خەلق مۇزىكا ئېرمىنلىرىنىڭ چەت ئەل تىللىرىغا توغرا تەرجىمە قىلىنىش مەسىلىسىدۇر. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ نۇرى ئاساسىدا، ئۇيغۇر كلاسسىك خەلق مۇزىكا سەنئىتى تېمىسىدا خەنزۇ تىلىدا بېسىلغان كىتابلارنىڭ سەھىپىلىرىگە چەت ئەل (ئاساسەن ئىنگلىز) تىلىدىكى ئىلاۋىلەرمۇ قوشۇلدى. بۇ ئىنتايىن ئالقىشلاشقا ئەرزىيدىغان ئىش. بۇنىڭدا توغرا تەرجىمە قىلىنغانلار بىلەن بىللە ناتوغرا تەرجىمە قىلىنغان ئاتالغۇلارمۇ كۆرۈلدى. مەسىلەن: غىجەك «disek»، قالۇن «kalone»، بالىمان «baraman»، دولان راۋابى «dolang rawap»، ناغرا «nagla»، تەمبۇر «tanbar» دەپ، ھەتتاكى ئىلى مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى دېگەن بىرىكمە سۆزلەردىكى تېپونىملار «yuli»، «hami» دەپ ئېلىنغان. (26) ئەسلىدە ئەينى ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز بىلەن ئېلىنىش كېرەك ئىدى. دېمەك، بۇ خىل تەرجىمىلەر بىرىنچىدىن، ھەقىقىي ئالىملار ئالدىغا كەلگەندە ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە زەرەر يەتكۈزسە، ئىككىنچىدىن، سادىدا ھەۋەسكار كىتابخانلار ئالدىغا كەلگەندە شۇ كىتابخانلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى مۈجمەللەشتۈرۈپ قويىدۇ، خالاس. مانا بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە ئوخشاش ھەممە مىللىي مەدەنىيەت مەسىلىلىرى بويىچە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ

بارغۇچى ئالىملار ۋە مۇئەللىپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلەشتۈرۈشلىرى ۋە ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى ساقلاش ئۈچۈن نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىگە يەنە بىر جانلىق مىسال.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتى ئۆزىنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيەت زېمىنىدىن خالىي ھالدا ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ پۈتۈن تارىم ھاۋزىسىدا ياشاش تارىخىغا ۋە قەدىمي زامانلاردىن باشلانغان ئېتنىك پروتسېسسىگە تەئەللۇقسىز ھاسىل بولغان ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇنداق ئۈستۈن سەۋىيىلىك مۇزىكا سەنئىتى ئۆز ئانا يۇرتى بولغان تارىم ھاۋزىسىدا ئەڭ يىراق نېئولىتنىڭ مەدەنىيەت يىلتىز مەنبەلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان ۋە ئىزچىل راۋاجلىنىپ كەلگەن پۈتۈن مەھەللىۋى مەنىۋى ۋە ماددىي مەدەنىيەت زېمىندا تۆرەلگەن ھەم يېتىلىپ كامالەتكە يەتكەن. نېئولىتنىڭ مەدەنىيەتتىن باشلاپ، پۈتۈن ئىقتىساد-مەدەنىيەت تىپى غەربىي ئاسىيا، ئىران ۋە ھىندىلارنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاش ياكى يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى مۇزىكا سەنئىتى ئاشۇ غەربىي ئاسىيا، ئىران ۋە ھىندىستان مۇزىكا سەنئەتلىرى بىلەن كۆپ تەرەپلەردە ئورتاقلىققا ئىگە. مۇقام (مقام) نامىدا ئاتالغان مۇزىكا سەنئىتى تۈرلىرى ۋە تۈزۈلۈش شەكىللىرىنىڭ مېسوپوتامىيە، كىچىك ئاسىيا، ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى تارىم ھاۋزىسىغىچە ئانچە پەرقسىز ۋارىيانتلىرىنىڭ ئاساسەن ئوخشاش تارقىلىشى ئىسلامىيەتتىنمۇ ئۇزاق بولغان جۇغراپىيىلىك ئىقتىساد-مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئوخشاپراق ياكى يېقىن بولغانلىقى بىلەن باغلىقتۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۆتمۈش ئېتنىك مەنبەسى بولغان تۇخارلار، ساكلار ۋە بەلكىم ئۇلاردىنمۇ قەدىمي بولغان دىراۋىدلارنىڭ مۇزىكا سەۋىيەر تالانت ئىستىداتلىرى ھەم ئېسىل ئەنئەنىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شىمالىي يايلاق دالالىرىدا قالغان باشقا تىلداش تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇزىكا سەنئەتلىرىدىن ئوچۇق ئاجرالغان ئاجايىپ خاراكتېرلىك خۇش ناۋا ۋە ئارامبەخش مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئىلىك ئېتنىك ئاساسى ياكى ئېپتىداسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بەزى تارىخىي دەۋرلەردە ئەرەبلەر، پارسلار ۋە ھىندىلارنىڭ ئەينى دەۋر مۇزىكا سەنئىتىدىن ئۈستۈن بولۇپ چىقىشىغا ھەسسە قوشتى. شۇنداقلا خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسىغىچە سالنامىلاردا ئىزچىل مەدھىيىلىنىپ كەلگەن غەربىي دىياز مۇزىكىلىرىنىڭ تارىخىي-ئېتنىك يىلتىز مەنبەلىرى ئەنە شۇ دەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئۇزاق تارىخىي ئېتنىك ئەنئەنىلەرگە ئىگە ئېسىل ۋە رەڭمۇ رەڭ مۇزىكا سەنئىتى. دەل مۇشۇ مۇزىكا سەنئىتى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مۇزىكا سەنئىتىگە ۋە بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىگە روشەن ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا يۈەن جىن (元稹 مىلادى 831 - 779) نىڭ «دراما ئاھاڭلىرى» دېگەن شېئىرى بۇنىڭغا ئوچۇق ئىسپات بولالايدۇ:

بولدى غۇرلارچە (28) ياسانماق
قىز-ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى
غۇرلارسىمان.
«سۇمۇرغ ئاتەش» نىڭ ساداسى
مۇڭ بىلەن ئوقۇلسا ئەگەر،
«نەۋ باھار مەرغۇلسى» ياڭراتتى

ئاتقا غورلارچە مىنىش، زىبۇ -
زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس - بەستە ھەۋەس
بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

خوش، مىلادى باشلىنىش بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ھاۋزىسىدا ياشىغان ئەجدادلىرىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنى ئىخلاس بىلەن مەدھىيە ئوقۇشقا ئېلىپ بارغىنى تارىم ھاۋزىسىنىڭ ئۆزىدىكى يىراق ئۆتمۈش مەدەنىيەت ۋە ئىنتىڭ يىلتىز سەۋەبلىرىدىن ساقىت ھالدا، باشقا يىلتىز سەۋەبلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئىلىم-پەن مەنتىقىسى ئېتىبارى بىلەن ئىمكانىيەت بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

### ئىزاھاتلار:

①، ②، ⑫، ㉒، ㉟، جۇچىڭباۋ: «يىپەك يولىدا مۇزىكا مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987-يىل.

③ بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتى: «تاشقورغان ناھىيىسى چىرغالدىكى پالئولىت خارابىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە»، شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ، 1986-يىللىق 1-سان.

④ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1-قىسىم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل.

⑤ «دۇنيا تارىخى» (1-توم 1-قىسىم)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، سەنلەن كىتابخانىسى نەشرى 1961-يىل.

⑥ «دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەر-سەنئەتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئەسى غەربىي ئاسىيامۇ، ياكى شەرقىي ئاسىيامۇ؟» مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1982-يىل.

⑦ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى» مەدەنىي يادىكارلىقلار نەشرىياتى، 1982-يىل.

⑧ «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسىنى داۋاملىق ئىزدىنىش توغرىسىدا» «ئارخېئولوگىيىلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى» 1-توپلام 16-بەت.

⑨ ماتسۇدا توسىئو، خاگا ساۋار تۇسكى: «تارىم ۋادىسىكى مەملىكەتلەر»، «ئارخېئولوگىيىلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى» 4-3-توپلام 173-176-بەتلەر.

⑩ زۇنۇن قادىر «غۇنچەم» درامىلار توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىل.

⑪ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىل.

⑫ جۇجىڭباۋنىڭ يۇقىرىقى مونوگرافىيىسىدىن باشقا

⑬، ⑮، ⑯، ⑰، «قەدىمكى شەرق تارىخى» سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1957-يىل.

⑭، «ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ تۈزۈلۈشلىرى»، «مىللەتلەر تەرجىمىسى» (6-قىسىم)، 1979-يىل.

⑱، «بۇيۇك تالڭ دەۋرىدىكى غەربىي رايوننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» جۇڭخۇا كىتاب نەشرىياتى، 1985-يىل.

⑲. «دۇنيا تارىخى تىزىسلىرى» بېيجىڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل.

⑳ بارىس تۇغلاچى: «ئوكيانوس» (3-جىلت) ئىستامبۇل 1974-يىل.

㉑ «ئوكيانوس» 3-جىلت.

㉓ «ئوكيانوس» 1-جىلت، 413-بەت.

㉔ «ئوكيانوس» 3-جىلت، 2306-بەت.

㉕ «ئوكيانوس» 7-جىلت 2321-بەت.

㉖، — غۇر- خەنزۇچە «胡» سۆزى بولۇپ خېلى بۇرۇن خەنزۇچە ماتېرىياللاردا شىمالىي ھۇنلار بىلەن غەربىي خەلقلەرگە قويۇلغان ئومۇمىي نامىدۇر. ھازىرغىچە «胡» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنبەسى ئېنىقلانمىدى ۋە قايسى قەدىمكى خەلقنىڭ قانداق ئىستىكى دېگەن مەسىلە تېخى ھەل بولمىدى. بۇ يەردە مەن (ئاپتور) شۇ تارىخى ئەھۋالنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان «غۇر» ياكى «خۇر» سۆزىنى ئېلىشنى لايىق كۆردۈم.

# مۇنۇكۇم تاز

(چۆچەك)

ھايات باياۋانلىرىنى كېزىپ، سۆز خامىنىدىن چەش راسلىغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ زامانلار ئىلگىرى سەھرايى ۋۇش دېگەن يۇرتتا مۇنۇكۇم دەيدىغان بېشى گەدىنىگىچە كېپەك بىر تاز ئۆتكەنىكەن، كىشىلەر ئۇنى« تاز-تاز » دەۋەرگەچكە، تاز يۇرتىدىن بىزار بولۇپتۇ ۋە باشقا بىر يۇرتقا چىقىپ كېتىش خىيالى تۇغۇلۇپ نان-توقاچ، قاپاقتا سۇ ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. كۆڭلى خاپا ھالدا ماڭە-ماڭە بىر چۆلگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، يول ئىككىگە ئايرىلغان، ئۇ قايسى يولغا مېڭىشنى ئويلاۋاتقاندا، قاياقتىندۇر ئۆزىگە ئوخشاش ئىككى تاز پەيدا بولۇپ:

— ئاداش! قاياققا بارىسلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز:

— نەگە باراتتىم ئاغىنىلەر، پەرغۇن دىيارىغا ماڭغانىدىم، قايسى يول بىلەن مېڭىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دەپتۇ. ھېلىقى ئىككى تاز:

— بىز پەرغۇندىن كەلگەن، يولنى بىلىمىز، بىز باشلاپ بارايلى! — دەپتۇ. سەھرايى ۋۇشتىن چىققان مۇنۇكۇم تاز بۇ ئىككى تازدىن نان، سۇيىنى ئايىماپتۇ، يول ئوزۇقى ئاخىرى تۈگەپتۇ.

مۇنۇكۇم تاز:

— ئاغىنىلەر، نان، سۇ تۈگىدى، ماڭا ئوزۇق بېرىڭلار، — دەپتۇ. ھېلىقى ئىككى تاز:

— گېپىڭنى قارا، بىز سېنىڭ نېمەڭنى يېدۇق؟ شامال يەپ، بوران كېكىر، — دەپتۇ. مۇنۇكۇم تازغا يەنىلا ئىككى تازنىڭ كەينىدىن ماڭماي ئامال بولماپتۇ. قورسىقى ئاچسا دەرەخ قوۋزىقى، قۇمۇش يىلتىزىنى يەپتۇ، زارلىماپتۇ. بۇلارغا كۇنلەرنىڭ بىرىدە قۇمۇشلۇق ئارىسىغا سېلىنغان دەك ئۇچراپتۇ. بۇ گۈلقىز ئىسىملىك پەرىزات بىنا قىلغان ساراي ئىكەن. بۇلار سارايغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تاز گۆشلۈك تاماقلارنى ئېلىپ يەۋېرىپتۇ. تاز تۈكرۈكنى يۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. پەرىزات گۈلقىز:

— سىز نېمىشقا يىغلاپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

تاز يول ۋە ئوزۇقىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، ئاغىنىلىرىنىڭ يەكلىشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پەرىزات قىزنىڭ تازغا ئىچى ئاغرىپتۇ ۋە تازنى تاماقخانىسىغا باشلاپ غىزالاندۇرغاندىن كېيىن، بىر خورجۇننىڭ ئىككى پېيىغا نان-توقاچ قاچىلاپ بېرىپ:

— بۇ نان-توقاچلارنى يەڭ، مۇنۇ چاي خالتىسىنى يانچۇقىڭىزغا سېلىڭ، ئەگەر بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە « گۈلقىز خېنىمنىڭ ئەمرى » دەپ قولىڭىزنى بىر سالسىڭىز، بۇ چاي خالتىسىدىن سىزگە كېرەكلىك نەرسىلەر چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جېنىڭىزنى ئوبدان باقىسىز، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئىككى تاز:ئۆيگە كىرىپ كەتكەن تازغا گۈلقىز خېنىم نېمە بەردى-كىن، بىزگە نېمە بېرەركىن، دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

بۇنى گۈلقىزخان كۆرۈپ قېلىپ بىرىگە بىر جىلىتكە، بىرىگە بىر كونا چىغ قالپاق بېرىپتۇ. بۇلار ئەتىسى تەشەككۇر بىلدۇرۇپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

ئۇلار ناخشا بىلەن روھلىنىپ، ھېكايە سۆزلىشىپ يولنى قىسقارتىپ، ئاخىرى پەرغۇنغا يېتىپ بېرىپتۇ. مۇنۇكۇم تاز گۈلقىز-خان بەرگەن نان-توقاچلارنى يەپ، تۈگەپ قالغاندا چاي خالتىسىغا قاراپ: «گۈلقىز خېنىمنىڭ ئەمرى» دەپ قول سالغانىكەن، بىر سىقىم مەرۋايىت چىقىپتۇ. تاز مەرۋايىتنى سېتىپ، پۇلغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپتۇ، يېگۈسى بارنى يەپتۇ. ئىككى تازنىڭ ئاش-ئوزۇقى تۈگەپ، ئاخىرى مۇنۇكۇم تازغا يالۋۇرۇپ:

— بىز خىزمىتىڭىزدە بولساق، بىزنى ئاچ قويمىسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇشۇپتۇ. مۇنۇكۇم تاز بەك ئاق كۆڭۈل، خەيرىخاھ ئىكەن. بۇ ئىككى تازغا يۈز سەردىن ئىككى يۈز سەر ئالتۇن بېرىپ دۇكان ئېچىپ بېرىپتۇ. مۇنۇكۇم تاز بولسا بىر كونا تاملىققا بېرىپ يېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇنۇكۇم تازنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بارغانىكەن، چۈشىدە ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇ. ئويغىنىپ سەكرەپ تۇرسا، چۈشىدە كۆرگەن تولۇنئايدەك گۈزەل قىز يوق. تاز ھېلىقى ئىككى تازنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— چۈشۈمدە مەن بىر گۈزەل قىز كۆرگەنىدىم، كۆڭلۈمنى ۋەسۋەسە قاپلىدى. سىلەر شەھەرمۇ-شەھەر ئىزلەپ مەن كۆرگەن گۈزەل قىزنى تېپىپ كېلىڭلار، — دېگەنىكەن. ئىككى تاز:

— سەن خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ئېسىل كىيىم ئېلىپ ياسانغىن! — دەپتۇ. مۇنۇكۇم تاز:

— نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن. سىلەر خوتۇن تېپىپ كېلىشنى بىلىڭلار، — دەپتۇ. ئىككى تاز 71 شەھەردىن 71 قىز تاللاپ ئېلىپ كەپتۇ. مۇنۇكۇم تاز قىزلارنى تىزىلدۇرۇپ كۆزەتسە چۈشىدىكى قىز يوق تۇرغۇدەك. تاز قىزلارنى بىرى ئۇنداقكەن، بىرى مۇنداقكەن، دەپ ياراتماپتۇ. ئىككى تاز:

— ھەي مۇنۇكۇم ئاغىنە، ئەكەلگەن قىزلىرىمىزنى ياراتمىدىڭ، ئەمدى كالتەك قويۇق، ئۆزۈڭ قولاقتىن بىرنى سېتىۋالساق بولغۇدەك، — دەپتۇ. مۇنۇكۇم تاز چىچاڭ-لاپ:

— دۇنيادا خوتۇن دېگەن تولا گەپ، سىلەر بارمىغان بىرەر شەھەر بارمۇ-قان-داق؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىككى تاز:

— بۇياقتا كۇسەن، ئۇياقتا سەمەر-قەنت، مىسىر شەھەرلىرى قالدى، — دەپتۇ. مۇنۇكۇم تاز:

— توغرا، مىسىر شەھىرىنىڭ پادىشاھ-ىنىڭ قىزىنى ئالىمەن، دەرھال مىسىر شاھىنىڭ قىزىنى سۆزلىشىپ، رازىلىقىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ ئىككى تاز شاھانە كىيىنىپ، ھەممە كەمەرلىرىنى چىگىپ، كۆپ يول يۈرۈپ، مىسىر شاھىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئوردىنى توققۇز ئايلىنىپ، پادىشاھقا توققۇز تەزىم قىلىپ تۇرۇپتىكەن، پادىشاھ:

— سىلەر نېمە سەۋەب بىلەن كەلگەن تازلار؟ — دەپ سوراپتۇ. تازلار:

— پادىشاھى ئالەم، بىز نېمە تاز بولارمىز، قىزلىرىڭىز ياتلىق بولۇش رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەلچىلەرمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— قىزىمنى ئالماقچى بولغان كىشى كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئىككى تاز:

— سەھرايى ۋۇشتىن چىقىپ، پەرغۇن دىيارىدا كونا تاملىقنى ماكان قىلغان مۇنۇكۇم ئاتلىق تاز، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. پادىشاھقا ئالەم پىرقىراپ، ۋۇجۇدى پارتلىغاندەك قەھرى-غەزەپ

يامشىپتۇ. شاھ ئېيىپتۇركى:

— قىزىمنى نى-نى شاھزادىلەرگە بەرمىدىم، ئەمدى بىر سەھرالىق تازغا بېرىمەنمۇ؟ جاللات! مۇنۇ ئەلچىلەرنى جەھەننەمگە ئۇزات!

پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان بىر ۋەزىر ئارىغا چۈشۈپ:

— شاھ ئالىيلىرى، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، گۇناھىدىن كەچكەيلا، — دەپ پادىشاھنى پەرمانىدىن ياندۇرۇپتۇ.

تازلار ئاران دېگەندە جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشۇپ پەرغون دىيارىغا قايتىپ بېرىپ:

— پادىشاھ شىكارغا چىقىپ كەتكەنىكەن، ئۇچرىشالمىدۇق، — دەپتۇ. مۇنۇكۇم تاز ئىككى تازغا:

— ئۇنداقتا، پادىشاھ پات ئارىدا شىكاردىن قايتىدۇ، ئەتە يەنە يولغا چىقىپ، مۇددىئانى مەقسەتكە توغرىلاڭلار، — دەپتۇ. بۇ ئىككى تاز يەنە كۆپ يول يۈرۈپ شاھ ھوزۇرىغا بېرىپ:

— مۇنۇكۇم تاز بىزنى يەنە ئەۋەتتى، بىز ئىلاجسىزلىقتىن كەلدۇق، يەنىلا توي رازىلىقىنى ئېلىش لازىم بولدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ تازلاردىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئوردا ئەھلى بىلەن چولك كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. بىر ۋەزىر:

— شاھ ئالىيلىرى، بۇ ئىشقا باش قاتۇرمىغايلا، قىزغا خېرىدار بولغان ئازغا ئۈچ تۈرلۈك شەرت قويىمىز، شەرتنى ئادا قىلالىسا قىزنى بېرىمىز، ئادا قىلالمىسا بېشىنى ئالىمىز. لېكىن، بۇ شەرتلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئادا قىلالمايدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەقىلنى توغرا تېپىپتۇ - دە، ئەلچى تازلارنى چاقىرىپ:

— سىلەر بېرىپ، قىزىمنى ئالىدىغان تازنى ئەۋەتىڭلار، ئۈچ شەرتىم بار، شۇنى ئورۇندىسۇن شەرت، — دەپتۇ.

تازلار پادىشاھنىڭ ئالدىدىن ئامان-ئېسەن چىققانلىقىغا خۇش بولۇشۇپ، تازنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ. مۇنۇكۇم تاز ئۆزىنىڭ ئۈچ شەرتنى ئورۇنداپ، قىزنى ئالالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، مىسىر شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تاز ناھايىتى كۆپ يول يۈرۈپ، بىر چۆلگە كەلگەندە بىر موماي بىلەن ئۇچرىشىپتۇ. موماي تازدىن:

— ئوغلۇم، قاياققا سەپەر قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز:

— موما، مەن مىسىر پادىشاھىنىڭ ئۈچ شەرتىنى ئادا قىلىپ، قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ كېلىشكە ماڭدىم. سىز پادىشاھنىڭ ئۆمرۈمنى خازان ئەيلىمەسلىكى ئۈچۈن ھىممىتىڭىزدىن ئۈمىدۋار قىلسىڭىز، — دەپتۇ. موماي:

— ۋاي بالام، سەن يامان يەرگە چۈشۈپ كېتىپسەن، ئېھتىيات قىل، — دەپتۇ. تاز ھەيران بولۇپ:

— قانداق يەر ئۇ، ماڭا ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟ — دەپتۇ. موماي:

— بالام، مەن ئاشۇ مىسىر پادىشاھىنىڭ ئاشپىزى ئىدىم، بۇ پادىشاھ ئادەمنىڭ قېنى بىلەن ئۇزۇقلىنىدىغان بىر بۆرگىنى بورداپ تۆگىدەك يوغىناتقان ئىدى، بۇنىڭ تېرىسىنى مەن سويۇپ بەرگەنىدىم، پادىشاھ بىزگە: «بۇنى ھېچ كىشىگە دېمەڭلار» دېگەن، مەن بۇنى بىر تۇغقىنىمغا دەپ قويغانلىقىم ئۈچۈن مېنى مۇشۇ چۆلگە پالىۋەتكەن. پادىشاھ ئېھتىمال سەندىن ئاشۇ بۆرگىنىڭ تېرىسىنى «بۇ نېمىنىڭ تېرىسى؟» دەپ سورايدۇ. بۇ سوئالغا سەن دەرھال جاۋاب بەرمەي كۆپ ئويلانغاندەك قىلىپ جاۋاب بەرگىن، ئەگەر تېز جاۋاب بېرىۋەتسەڭ ساڭا بۇنى ھېلىقى قېرى دەپ بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ

پادىشاھ مېنىڭ كاللامنى ئالدۇ. سەن ئاشۇ بىر شەرتكە جاۋاب بېرىۋەتسەڭ قالغىنى ئاسان، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇنۇكۇم تاز مومايىنى رەھمەتكە كۆمۈۋېتىپ، چاپقىنىچە مىسىر شەھىرىگە بېرىپتۇ. تاز ئوردا ئىچىگە كىرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پادىشاھى ئالەم، — دەپ يەتتە قېتىم تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— سەن نېمە تاز؟ — دەپ سوراپتۇ.

تاز:

— مەن ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل بولىدىغان تاز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆزىگە قان، قەلبىگە ئاچچىق تولۇپ:

— ھە، تاز، مەن قىزىمنى شاھزادىلەرگە، نى-نى ۋەزىرلەرگە بەرمىگەنىدىم، ئەمدى سەن كېلىپسەن، كېرەك يوق، ئۈچ شەرت بار، بىرنى ئادا قىلالمىساڭ، جاللاتلىرىم چېپىپ تاشلايدۇ، — دەپتۇ-دە، بىر دانە تېرىنى ئەچىقتۇرۇپ تازنىڭ ئالدىغا تاشلاپ:

— بۇ نېمىنىڭ تېرىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

تاز بۇنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىنى سىلاپ كۆرۈپ، قۇلىقىدا تىڭشاپ، تىلى بىلەن تېتىپ بېقىپ:

— بۇ بۈرگىنىڭ تېرىسىگە ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ:

— ئەمدى ئىككىنچى شەرتىمنى ئادا قىل، — دەپتۇ. تاز:

— خوش، شاھ ئالىيلىرى، ئىككىنچى شەرتلىرى نېمىكىن؟ — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئىككىنچى شەرت — قىزىمنى بىر قېتىم كۈلدۈرۈپ، بىر قېتىم يىغلىتىپ بېرىدىسەن، — دەپتۇ ۋە قىزىنى ئالتۇن راۋاق ئۈستىگە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. تاز شادلىقىدىن:

— قىزلىرى شۇمىكىن، پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ-دە، ئارقىسىغا يۈز قەدەم يېنىپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، مۇشلىرىنى تۈگۈپ، — مەلىكىنىڭ ئالدىغا سالغۇم كېلۇر، سالغۇم كېلۇر... — دەپ يۈگۈرگەنچە بارغانىكەن، مەلىكە راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:

— ھەي تاز، نېمىنى سالاتتىڭ! — دەپلا يىغلاپ ساپتۇ. تاز:

— مەلىكىنىڭ ئولتۇرغان يېرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئالتۇندىن بىر راۋاق... — دەپ بىر كۈلۈپتىكەن، مەلىكىمۇ ۋىلىققىدە كۈلۈپ ساپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ:

— تاز ئىككىنچى شەرتنىمۇ ئادا قىلدىڭ، ئەمدى ئۈچىنچى شەرتىم، ساڭا قىرىق توشقان بېرىمەن، توشقانلارنى ئىنسان ئايىغى يەتمەيدىغان چۆلگە ئاپىرىپ قويۇپ بېرىپ باقىسەن، ۋاقتى 40 كۈن، توشقانلارنىڭ بىرى ئاشمايدۇ، بىرى كەملىمەيدۇ، كەملىسە بېشىڭ بىلەن جاۋاب بېرىسەن، — دەپتۇ. تاز:

— خوپ بولىغاي، — دەپ تەييارلىقنى تاماملاپ توشقانلارنى ئېلىپ، يەتتە كۈن يول مېڭىپ يىراق بىر جاڭگاللىققا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ توقاينىڭ ئوت-سۇلىرى شۇنداق ياخشى تۇرغۇدەك، تاز توشقانلارنى شۇ توقايدا بېقىش قارارىغا كەپتۇ. كېتىۋېتىپ بىر توپ توغراقنىڭ تۈۋىدە ئۆچكىنىڭ ئۆلۈكىنى ئۇچرىتىپتۇ. تاز ئۆچكىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، توغراقنىڭ پۇتىقىدىن بىرنى كېسىپ بىر دانە گەردىش ئېگىپ ئۆچكە تېرىسىدە داپ كېرىپتۇ. تاز تاتلىق-تۇرۇملارنى تەييارلاپ داپ چېلىپ تۇرۇپ توشقانلارغا بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ توشقانلارنى داپ ئاۋازىغا كۆندۈرۈپتۇ. داپ چېلىنسا توشقانلار ئۇچقاندەك يېتىپ

كېلىدىغان بولۇپتۇ.

ئارىدىن 30 كۈن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ باشقىلار بىلەن كېڭىشىپ:

— بۇ تاز ئالدىنقى شەرتنىمۇ ئاسانلا ئادا قىلىۋەتتى. ئەمدى 40 كۈن تولغاندا 40 توشقاننى قىرىق يېتى ئېلىپ چىقمىسۇن يەنە، قانداق قىلارمىز؟ — دەپ ۋەھىمىسىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ خانىشى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ تازنى شۇنداق قىلماس دېگىلىمۇ بولمايدۇ، سىلە بىر كونا چاپاننى كىيسىلە ۋە كونا تەلپەكتىن بىردە باشلىرىنى نىقابلاپ، ساقاللىرىنى ئازراق پاخپايتىپ ياساپ، مايماق ئېشەككە مىنىپ، ئات كاللىسىدەك ئالتۇننى ئېلىپ تازنىڭ يېنىغا بېرىپ، غوجام مېنىڭ ئۆپكە كېسىلىم بار ئىدى، تىۋىپقا كۆرۈنسەم، تىۋىپ، جاڭگالدا مىسىر پادىشاھىنىڭ توشقانلىرىنى باقىدىغان بىر تاز بار. شۇ تازنىڭ يېنىغا بارسىلا بىر توشقان سېتىپ بېرىدۇ. شۇ توشقاننى پىشۇرۇپ يېسىلە كېسەلدىن ساقىيالايلا دېگەنىدى. شۇڭا يانلىرىغا كەلدىم، دەپ تۇرۇۋالسىلا، بىر توشقان سېتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توشقاندىن 39 قالىدۇ. تازنىڭ بېشىنى ئالىمىز، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ، تازنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. جۇل-جۇل ياسىنىپ كەلگەن پادىشاھ كېسەل جەريانىنى، توشقان ئېلىش مەقسىتىنى بايان قىلىپتۇ. تاز پادىشاھنى تونۇمىغان بولۇۋېلىپ:

— مەن توشقان ساتالمايمەن، توشقان پادىشاھنىڭ، سىزگە سېتىپ بەرسەم پادىشاھ ئالىيلىرى بېشىمنى ئالىدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ ئەكەلگەن ئالتۇننى تەڭلىگەنىكەن، ئالتۇنغىمۇ ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ ئامالسىزلىقتىن يىغلاپتۇ. تاز ئاخىرى:

— ئىنساننى ھاجەتتىن چىقىرىش سائادەتلىك ئىش، سىز ھاجەتلىك كىشى ئېكەنسىز، كېيىملىرىڭىزنى سېلىپ، ئېشەك بولۇپ ئۆمۈلەڭ، سىزگە مىنىمەن، ئاندىن ئالتۇنىڭىزنى ئېلىپ قېلىپ، بىر توشقان بەرسەممۇ بېرەي، — دەپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ماقۇل بولۇپ يالىڭاچلىنىپ، ئېشەكتەك ئۆمۈلەشكە باشلاپتۇ.

پادىشاھ ناھايىتى سېمىز بولغانلىقتىن بەدىنى ئۆپكىدەك لىغىرلاپ تۇرىدىكەن. تاز پادىشاھقا مىنىپ ئويناپتۇ. پادىشاھ چەكسىز خورلۇق ھېس قىلسىمۇ، چۆلدە ئادەم كۆرمەيدىغۇ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى تېپىپتۇ.

تاز پادىشاھقا بىر توشقان تۇتۇپ بېرىپتۇ. پادىشاھ تاز ھامان توشقاندىن بىرنى كەملەتتى، بەربىر ئىنتىقامىنى ئالىمەن، دەپ ئويلاپ، ئېشىكىگە مىنىپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ توشقاننى ئېلىپ بىر ئۇن يېتەر جايغا بارغاندا تاز داپنى «دۈگگۈلدۈك، دۈگگۈلدۈك» قىلىپ چالغىلى باشلاپتۇ. داپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان توشقان پادىشاھنىڭ قولتۇقىدىن سىرغىپ قېچىپ تازنىڭ ئالدىغا بېرىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ مەن شۇنداق خورلۇقلارنى بېشىمدىن كەچۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن توشقان قېچىپ كەتتى. يەنە بارسام يەنە ئىلگىرىكىدەك خورلۇق تارتىشىم مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە شەھەرگە كېتەي، دەپ خاپا ھالدا شەھەرگە چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۆيگە كىرگەندە خانىشىغا يىغلاپتۇ.

خانىش:

—ئۇلۇغ شاھىم، ماڭا رۇخسەت قىلغايلا، مەن جاڭگالغا كىرىپ تازدىن بىر توشقان ئېلىپ چىقىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ:

— خوتۇن، سىلە زادى بارماڭلار، تاز ياۋۇز، شەرتى قاتتىق، — دەپتۇ.

خانىش ئۇنىماي، تازنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئېرىم كېسەل ئىدى، بىر توشقان سېتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ. تاز:

— بولمايدۇ، توشقاندىن بىرى كېمەيسە شاھ بېشىمنى ئالىدۇ، — دەپتۇ. بۇ خوتۇن يالۋۇرۇپ يۈرۈپ تازنى ماقۇلغا كەلتۈرۈپتۇ. تاز ئاخىرى:

— توشقان سېتىپ بېرەي، تۇتۇۋېلىشلىرى ناتايىن، مەن شۇنىڭغا ئامالسىز، — دەپتۇ.

خانىش ناھايىتى خۇشال بولۇپ توشقانلارنى قوغلاشقا باشلاپتۇ. تاز ھېلى ئۇ دۆڭدە، ھېلى بۇ چوڭقۇردا، ھېلى ئۇياقتا، ھېلى بۇياقتا دېپىنى دۈگىلدىتىپ توشقانلارنى ئەگەشتۈرۈپ، بۇ خوتۇننى ھارغۇزۇپ «داد» دېگۈزۈپتۇ. توشقانلار زادىلا تۇتۇق بەرمەپتۇ. خانىش تازنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— غوجام، مەن تۇتالمايدىكەنمەن، — دەپ ئامالسىزلىقنى بىلدۈرۈپتۇ. تاز:

— نېمە ئىلاج بار، مەن ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلاي، دېدىم. توشقان تۆت پۇتلۇق، سىز ئىككى پۇتلۇق تۇرساق، — دەپتۇ. خانىش ئامالسىزلىقتىن شەھەرگە يول ئاپتۇ.

پادىشاھ خانىشنى كۆرۈپ:

— مەن سىلىنى بارماڭلار، دېسەم ئۇنىمىغان، ئېلىپ چىققان توشقان قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ. خانىش يىغلاپ ئۆزىنى ئېشەكتىن يەرگە ئېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قىزى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى، توشقان ئېلىپ چىقالمىغانلىقىنى سېزىشىپتۇ. نۆۋەتتە قىزمۇ ئاتا-ئانىسىدىن جاڭگالغا كىرىپ توشقان ئېلىپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. پادىشاھ ۋە خانىش:

— جېنىم بالام، سىز بارماڭ، تازدا رەھىم يوق، سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ، — دەپ قانچە توسسىمۇ، مەلىكە:

— زادى كىرىمەن دېدىم، كىرىمەن، — دەپ قاتتىق تۇرۇۋاپتۇ.

مەلىكىگە ئاتا-ئانا بولغۇچىلار ئەھۋالنى ئېنىق دېيەلمەپتۇ. ئائىلاج قىزنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلۇپتۇ. مەلىكە كۆپ جەبرە تارتىپ جاڭگالغا كىرىپتۇ، تازمۇ ئىللىق كۈتۈۋاپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ توشقان ئېلىش ئىلتىماسىنى ئاڭلاپتۇ. ئەمما:

— سىزگە توشقان بەرسەم پادىشاھ بېشىمنى ئالىدۇ، — دەپ ئالتۇنغىمۇ نەزەر سالماپتۇ. مەلىكە ئاخىرى:

— نېمە دېسىڭىز شۇنى بېرەي، — دەپ يېلىنىشقا باشلاپتۇ. تاز:

— ئەمىسە مۇرادىمغا يەتكۈزۈڭ، — دەپتۇ. مەلىكە:

— مەن قىز بالا تۇرسام، مۇشۇ گەپنىلا دېمەڭ، — دەپتۇ. تاز:

— ئۇنداق بولسا، سىزگە توشقان بېرەلمەيمەن، — دەپتۇ.

مەلىكە بىر توشقاننى قولغا كەلتۈرسەم، تازنىڭ بېشى كېسىلىدۇ. تازدىن ئاجراپ بىرەر شاھزادىگە تەگمەيمەنمۇ؟... دېگەنلەرنى ئويلاپ «ماقۇل» بولۇپتۇ.

تاز مەلىكىگە بىر توشقاننى بېرىپ يولغا ساپتۇ. مەلىكە ئىپپەت-نومۇسى ھېسابىغا بىر توشقانغا ئېرىشىپ، كەلگۈسىدە بىرەر شاھزادىگە تېگىش مۇرادىغا ئاساس سالغىنىغا شادلىنىپ، توشقاننى ئېلىپ كېتىۋاتسا، تاز داپىنى دۈگىلدىتىپ بىر چالغانىكەن، بۇنى ئاڭلىغان توشقان پالاق-پۇلۇق قىلىپلا، مەلىكىنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ، تازنىڭ ئالدىغا بېرىپ توشقانلار سېپىگە تىزىلىپتۇ.

مەلىكە تازنىڭ ئالدىغا قايتا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئۈمىدسىز، پەرىشان ھالدا شەھەرگە قايتىپتۇ. شاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشى مەلىكىنىڭ سارغايغان چىرايىدىن

ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. مەلىكە ھۆكۈرەپ يىغلاپتۇ. شاھنىڭ ۋەھىمىسى كۈچىيىپ، غەزىپى ئۆرلەپ، ئۈنسىز ياش تۆكۈپتۇ. 40 كۈنمۇ تولۇپتۇ. تاز 40 توشقاننى ساقمۇ ساق ئېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا ھازىرلىنىپتۇ. تازنىڭ چېچىكى چاي بولۇپتۇ. تازغا قويغان شەرتلەر ئادا قىلىنغاچقا، شاھ:

— بولۇپتۇ، سەن قايتىپ ئەلچىلىككە كەلگەن ئىككى تازنى ئەۋەتكىن، ئۇلارغا باشقا گېپىم بار، — دەپتۇ. تاز ماقۇل بولۇپ ئۆز شەھرىگە بېرىپ، ئىككى تازغا:

— پادىشاھنىڭ شەرتلىرىنى تولۇق ئادا قىلدىم، سىلەر بېرىپ توي توختىتىپ كېلىڭلار، — دەپتۇ.

ھېلىقى ئىككى تاز تەييارلىقنى تەق قىلىپ يولغا چىقىپ، مىسىر شەھرىگە بېرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— پادىشاھى ئالەم، بىز توي توختىتىش ئۈچۈن كەلدۇق، — دېگەنىكەن، شاھ:

— مېنىڭ سەنلەرگە ئىككى شەرتىم بار، تازغا يەتكۈزۈش: ئوردامنىڭ ئالدىدىن تازنىڭ ئۆيىگە قەدەر كەڭلىكى سەككىز مېتىر يول سالسۇن، يول ئۈستى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتە تەكشى سۇۋالسۇن، يولنىڭ ئىككى چېتىگە تۆت مىڭ تۈپ مېۋىلىك كۆچەت سالسۇن، ۋاقىت ئۈچ كۈن، يول ئورنىنى ئۈچ مېتىر كۆتەرسۇن، قىزىمغا ئېگىزلىكى 15 مېتىر ئۆي سالسۇن، ئۆينىڭ ئىچى ئالتۇن بىلەن، سىرتى گۆھەر بىلەن بېزەلسۇن، بالالىرى مەرۋايىتتىن بولسۇن، بۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىت بېرىمەن، يۇقىرىقى ئىشلار تۈگىسىلا، قىزىمنى جەزمەن تويلاپ بېرىمەن، ئۆينىڭ ئىشىكلىرىنى ياقۇتتىن ياساشنى ئۇنتۇمىسۇن، — دەپتۇ. ئىككى تاز «خوش» دېگىنىچە پادىشاھقا سالام ياندۇرۇپ، قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى تازغا مەلۇم قىلىپتۇ. تاز كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇ شەرتلەرنى جەزمەن ئورۇندىيالايمەن، — دەپتۇ.

تاز دەرھال شەھەرنىڭ ئىشلەمچىلەر بازىرىغا كىرىپ ئوتتۇز مىڭ ئىشلەمچى سېتىۋاپتۇ. ھەر بىرىنىڭ كۈنلۈكىگە بەش سەردىن كۈمۈش تەڭگە بېرىپتۇ. ئۇ زامانلارنىڭ ئالۋاڭ-سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن كۆپ كىشىلەر پاناھسىز ئىشلەمچىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەن. يېتەرلىك سايمان، كۆچەت سېتىۋېلىنىپتۇ. تاز ئىشلەمچىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ پادىشاھ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتە، سەككىز مېتىر كەڭلىكتە يول سالىمىز، — دەپ بۇيرۇق سوققانىكەن، ئىش باشلىنىپ ئىككى كۈندىلا تامام بوپتۇ. ئارقىدىن ھۈنەرۋەنلەرنى يىغىپ يولنى ئالتۇن-كۈمۈشتە سۇۋاپتۇ. چايخالتا ئالتۇن-كۈمۈشنى ئۆكسۈتمەپتۇ. ھۈنەرۋەنلەر ئۆينى ئۈچ كۈندە پۈتكۈزۈپتۇ. تاز ئىشلەمچىلەرنى، ھۈنەرۋەنلەرنى كەڭتاشا مېھمان قىلىپ، يېتەرلىك پۇللىرىنى بېرىپ تارقاتقاندىن كېيىن، دەرھال ھېلىقى ئىككى تازغا:

— ئاغىنىلەر، سىلەر پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ ۋەزىپىمىز تاماملاندى، دەپ مەلۇم قىلىڭلار، — دەپتۇ.

تازلار ئالتۇن يولدا مېڭىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ مەلۇم قىلغانىكەن، پادىشاھ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، يول بىلەن ئىمارەتلەر چاقناپ تۇرغۇدەك.

پادىشاھنىڭ ئەقلى لال، قەددى دال، چىرايى سامان بولۇپ ئەلچى تازلارغا:

— ئەي ئەلچىلەر، ئەمدىكى سۆز شۇكى، مەن بايلىقتا قىزىمنىڭ خېرىدارىغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن. ئۇنچە بايلىق خەزىنەمدە يوق، توينى ئاددىيراق ئۆتكۈ-

زەيلى، — دەپتۇ. ئۇلار ئۇيان-بۇيان تارتىشىپ ئاخىرى توي كېلىشىمى پۈتۈپتۇ. مۇنۇكۇم تاز توي كېلىشىمىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ھەر تەرەپلىمە تەييارلىقنى تولۇق ئىشلەپ دەرھال خالايىققا مۇنداق جاكارلاپتۇ:

—خالىغانلار مەن مۇنۇكۇمنىڭ تويىغا قاتنىشسۇن، يەتتە كۈندىن كېيىن 50 كۈن مەرىكە ئۆتكۈزۈپ مىسىر شاھىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىمەن! ...بارلىق يەپ-ئىچىش، ئويۇن-تاماشا مەن مۇنۇكۇمنىڭ ھېسابىدىن بولىدۇ.

توي باشلىنىپ يەتتە كۈندە پادىشاھنىڭ بايلىقى تۈگەپتۇ. تويىنىڭ داۋامىنى تاز ئۆز سارىيىغا يۆتكەپ، شۇنداق مېھمان دوستلۇق قىلىپتۇكى، قوي-كالىلار توپ-توپ سويۇلۇپ، ئاش-گۆش ئارقا-ئارقىدىن تارتىلىپتۇ. مېھمانلار يېمىگەن تاماق، ئوينىمىغان ئويۇن، قىلمىغان شوخلۇق قالماپتۇ. توي 50-كۈنى ئاخىرلىشىپ، شاھ قىزى تازنىڭ خوتۇنى بولۇپ، تازنىڭ ئالدىدا پادىشاھنىڭ ئىناۋىتى چۈشۈپتۇ.

مەلىكە بىلەن تازنىڭ تويى بولۇپ ئۈچ يىل ئۆتكەندە مەلىكە ئاتا-ئانىسىنى سېغىنىپ تازنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۆيىگە بېرىپتۇ. خانىش:

— ۋاي بالام، ئېرىڭنىڭ بىر خاسىيىتى باردەك قىلىدۇ، شۇ مۇنەكباش تاز بىزنى بەك بوزەك قىلدى، نېمە خاسىيىتى بارلىقىنى سوراپ باقساڭ بولۇپتىكەن، — دەپتۇ.

مەلىكە ئانىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئېرىنىڭ قويىنىدا يېتىپ:

— ھەي مۇسۇلمان، سىلە ھەممە ئىشنى قىلالايدىكەنسىلە، بۇنىڭدىكى خاسىيەت زادى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. تاز:

— ھەي ئەخمەق خوتۇن، ئاۋۇ قوزۇققا ئىلىپ قويغان چايخالتىنى قارا، قولۇمنى سالساملا ئىچىدىن ئالتۇن، يامبۇ چىقىۋېرىدۇ.

پۇل سەتنى ئۆز قىلىدۇ، ئەگرىنى تۈز قىلىدۇ، يىراقنى يېقىن قىلىدۇ، شاھ قىزىنى تازغا خوتۇن قىلىدۇ، — دەپتۇ. تازنىڭ خوتۇنى پۇرسەت كۈتۈپ بىر كۈنى تاڭ يورۇماستىنلا چايخالتىنى ئېلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىۋاپتۇ. تازنىڭ يول، سارايلىرى، دۇنياسى غايىب بولۇپتۇ. تاز ئويقۇسىدىن ئويغانسا، ئەسلىدىكى كونا تاملىقتا ياتقۇدەك. تاز بىر چاغدىكى كونا چاپىنىنى تېپىپتۇ. ئوت-سۇيى تۈگىگەن دۇمچەك موزا يىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

مۇنۇكۇم تاز ئىككى تازنى ئىزلەپ تېپىپ ياردەم سوراپتۇ. ئىككى تاز:

—ھەي ئاغىنە، بىز پۇل بەرسەڭ ئىشلىدۇق، بىزدە ھەققىڭ يوق، — دەپتۇ. مۇنۇكۇم يالۋۇرۇپ:

— رەھىم قىلىڭلار، ئاغىنىلەر، — دەپ يىلىنىپ يىغلاپتۇ، ئىككى تاز مەسلىھەتلىشىپ سارايۋەن پەرىزات بەرگەن جىلتىكنى تازغا بېرىپتۇ. تاز:

— ئاغىنىلەر، ماڭا مۇنداق نەرسىنى بەرگۈچە بىر نان بەرگەن بولساڭلار ياخشى بولاتتى، بوپتۇ، — دەپ جىلتىكنى كىيىپ شۇنداق قارىسا، ئالدىدا تۆت مىڭ ئەسكەر قاتار تۇرغۇدەك، ئۈچ تازنىڭ يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپتۇ. تاز بۇمۇ ياخشى بولدى، دەپ ئويلاپ، تۆت مىڭ ئەسكەرنى كەينىگە سېلىپ پادىشاھ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا داغدۇغا بىلەن بارغانىكەن، پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن قاچ-قاچ بولۇپ شەھەرنى بىكارلاپتۇ. تاز قېيىن ئانىسىدىن خوتۇنى بىلەن چايخالتىنى ئېلىۋاپتۇ. شۇ چاغدا قارىسا يول، ئۆي، مال-دۇنيالىرى جايىدا تۇرغۇدەك. تاز «شۈكرى» دەپ خوتۇننى ئېلىپ قايتىپتۇ ۋە يەنە ئۈچ يىل ئۆي تۇتۇپتۇ. كېيىن خوتۇنىنىڭ «سېغىنىش كېسىلى» تۇتۇپ تازدىن رۇخسەت ئېلىپ ئاتا-ئانىسىنىڭ

يېنىغا بېرىپتۇ. خانىش:

— بالام، ئېرىڭ بىزنى بەك پاراكەندە قىلىۋەتتى، خىسلىتىنى بىلىپ خەۋەر ئەكەلسەڭ، ئۆچمىزنى ئالساق، — دەپتۇ.

مەلىكە يەنە نازلىنىپ ئېرىدىن جىلتىكىنىڭ سىرىنى بىلىۋاپتۇ - دە، ئۇنى ئېلىپ قېچىپتۇ. تازنىڭ يەنە ھەممە نەرسىلىرى غايىب بولۇپ كونا تاملىقتىن قوپۇپتۇ.

تاز ھەسرەت-نادامەتكە چۆشۈپ، ئىككى تاز ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېچىنىشلىق قىسمىتىدىن شىكايەت قىلىپتۇ. ئىككى تازنىڭ ئىچى سىيرىلىپ خەيرىخاھلىقى قوزغىلىپ، سارايۋەن قىز بەرگەن چىغ قالپاقنى بېرىپتۇ. بۇ قالپاقنى كىملا كىيسە باشقىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىكەن، تاز قالپاقنى كىيىپ خالىغان تاماقخانىلارغا بېرىپ يەپ-ئىچىپتۇ. تاز ئاخىرى مىسىر شەھىرىگە يېرىپتۇ. تاز بىمالال مېڭىپ پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ پوكىنىدىن راسا قاتتىق سىقىپتۇ. پادىشاھ:

— ئادەم بولساڭ مېنى قۇتقاز! — دەپ ۋارقىراپتۇ. پادىشاھنىڭ خانىشى پايپاسلاپ كىرسە ھېچكىشى يوق، پادىشاھ تىپىرلاپ جان تالاشقاندەك قىلىۋاتقۇدەك. خانىش «جىن چاپلاشقان ئوخشايدۇ، باشقا ئۆيگە ئەپچىقىپ كېتەي» دەپ، ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ چىقسىمۇ، پادىشاھ قاتتىق ئازابلىنىپتۇ. خانىش ئېرىنىڭ كارنىيىنى سىيلىسا ئىككى قول ئۆرۈنغۇدەك، ئەمما، ئادەم كۆرۈنمىگۇدەك. پەرياد كۆتەرمەكچى بولۇپتىكەن، يۈزىگە دەممۇ دەم تۆت مۇش تېگىپ تامغا چاپلىشىپتۇ. تاز قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— قانداق قېرى، مەن كۆيئوغلۇڭ بولىمەن، چايخالتىنى، جىلتىكنى، قىزىڭنى بېرەمسەن-يوق، — دەپتىكەن. خانىش:

— ۋاي ئەپچىقىپ بېرەي، — دەپ پالاقلاپ يۈگۈرگىنىچە ھەممىنى ئېلىپ چىقىپ تاپشۇرۇپتۇ.

تاز خوتۇنى بىلەن يەنە ئۈچ يىل ئۆي تۇتۇپتۇ. بۇ خوتۇننىڭ يەنە سېغىنىش كېسىلى قوزغىلىپ، تازنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ مىسىرغا بېرىپ ئانىسى بىلەن دىدارلىشىپتۇ. ئانىسى بۇ قېتىم قىزىنى قاتتىق ئەدەبلەپ، يەنىلا ئېرىنىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىشكە يولغا سېپتۇ. تېخىچە بىرەر شاھزادە بىلەن توي قىلىش خىيالىدا يۈرگەن بۇ قىز ئۆيىگە كېلىپ ئېرىگە خۇي چىقىرىپ:

— ۋاي مۇسۇلمان، سىز ئاجايىپلا بىر ئادەم، ئەمدى ماڭا ئىشىنىڭ، خىسلىتىڭىز زادى نېمىدە؟ — دەپتۇ. ئېرى ئېيتماپتۇ. لېكىن، خوتۇنى ھىيلە-مىكىر تورىنى كەڭ يېيىپ، ناز-كەرەشمىلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، تازنى ئېرىتىپ، چىغ قالپاقنىڭ سىرىنىمۇ بىلىۋاپتۇ. ھىيلىگەر قىز ئېرىگە ئىشقى-مۇھەببەتنىڭ شېرىن شەربەتلىرىنى ئىچكۈزۈپ، ئېرىنى ئۇخلىتىۋېتىپ چايخالتا، جىلتىكە، چىغ قالپاقلارنى ئېلىپ ئاتىسىنىڭ ئوردىسىغا بېرىۋاپتۇ. تاز ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا كونا تاملىقتا ياتقان. يول، ئۆي مال-دۇنيالىرى يوق، ئەخمەقلىقىدىن رەنجىپ، ئاغىنىلىرىغا زارلاپتۇ. ئەمما، ئىككى تاز «يازدەم قىلالمايمىز» دەپتۇ. تازنىڭ تىلەمچىلىك كۆڭلىرى باشلىنىپ قورسىقى تويماپتۇ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپ ئۇخلاپتۇ - دە، بىر ئاقساقال بوۋاينى چۈشەپتۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، خوتۇنىڭغا ئىچ-سىرىڭنى بېرىپ سېنى نەس باستى. ئەتىگەن ئورنۇڭدىن تۇرۇپ قىبلىگە قاراپ يەتتە كېچە-كۈندۈز يول ماڭساڭ بىر باغ ئۇچرايدۇ. ھەممە نەرسە تەل، خالىغانىنى يە، ئەمما، ھۆل مېۋە يېمەي، مېۋە قېقى يە، — دەپ غايىب بولۇپتۇ.

تاز ئويغىنىپ ھەممەت كەمىرىنى باغلاپ، قىبلىگە قاراپ مېڭىپ، دېگەندەك يەتتە كۈندە ئاجايىپ بىر باغقا ئۇچراپتۇ. مېۋە قاقلىرىدا قورسىقىنى توقلاپ بولۇپ، بىر تال نەشپۈت يېگەنىكەن، بىر بايتال ئاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ. «ھەي، مەن ئادەم ئىدىم، بايتال بولۇپ قالدىم» دەپ زارلاپ، نەشپۈت قېقىدىن بىر تال يېگەنىكەن، ئادەم سىياقىغا كېلىپتۇ، ئالمىدىن بىرنى يەپ ئايغىر ئاتقا ئايلىنىپتۇ، ئالما قېقىنى يېگەنىكەن، ئادەم سىياقىغا كەپتۇ. ئۇ بىر ئىشنى پەملەپ ئىككى قاپچىغا نەشپۈت بىلەن ئالما، يوتىسىغا نەشپۈت قېقى، ئالما قېقى ئېلىپ مىسىر شەھىرىگە كىرىپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ مېڭىش ئېھتىمالى بولغان بىر كوچا دوقمۇشىدا باققال سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئولتۇرۇپتۇ، پادىشاھ قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ، رەستىگە تاماشاغا چىققان ئىكەن، تاز شاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— شاھ ئالىيلىرى، ئالما يەپ باقسىلا، — دەپ شاھقا ئالما، مەلىكىگە نەشپۈت تۇتۇپتۇ. ئۇلار شۇنداقلا چايناپ يۇتۇشىغا شاھ ئايغىر ئاتقا، مەلىكە بايتال ئاتقا ئايلىنىپ قېچىش، قوغلاش، كىشنەش، تېپىش، چىشلەپ پومداقلىشىش باشلىنىپتۇ. تاز بولسا كەلگەنلا ئەر كىشىگە نەشپۈت، ئاياللا ئالما بېرىپ دېگەندەك، شەھەر كوچىسىنى قوغلاشقان ئايغىر-بايتالغا تولدۇرۇۋېتىپتۇ. شاھ بايتالنى قوغلاپ تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. خانىش: «بىزنىڭ ئادەم ھايال بولدى» دەپ ئويلاپ، كوچىغا چىقسا شەھەرگە ئات تولۇپ كېتىپتۇ. ئادەم سىياقىدا قالغان دۇكاندارلار ۋەقەنى، شاھ بىلەن قىزىنىڭ قوغلىشىپ تاغقا چىقىپ كەتكىنىنى، كىشىلەرنىڭ ئاتقا ئايلىنىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خانىش غەزەپ ئاچچىقى كېلىپ شۇ ھېلىگەر تازنىڭ ئىشىدۇر، دەپ ئويلاپتۇ. ئوردىغا كىرىپ ۋەزىر-ئەمىرلارغا ئەھۋالنى بايان ئەيلەپ، كىم شاھ بىلەن قىزىمنى ئەكىلىپ بەرسە ئات كاللىسىچە ئالتۇن بېرىمەن، دەپتۇ. ئەمما، مەن ئەكىلىپ بېرىمەن، دېگۈچىلەر چىقماپتۇ. ئاخىرى تازنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. تاز خانىشنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ، مەيە، شاھانە تون تەلەپ قىلىپتۇ. تەلىپى راۋا بولغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ خانىشقا:

— ھەممە ئادەم مېنىڭ شاھ بولۇشۇمغا تەقەززادۇر، شاھ بولسام ھاجىتىڭنى راۋا قىلىپ، شاھ بىلەن قىزىڭنى ئەكىلىپ بېرىمەن. بولمىسا، ئايغىر بىلەن بايتال قوغلىشىپ يۈرۈۋېرىدۇ، — دەپتۇ. خانىش ئىلاجىسىز پۇقرالارنى، ۋەزىرلەرنى شاھلىقنى تازغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە ھۆججەت بەرگۈزۈپتۇ. تاز چايخالتا، قالپاق، جىلتكىلەرنى قولىغا ئاپتۇ. بۇرۇنقى ئۆيلەر، يوللار پەيدا بولۇپتۇ. بايتاللارغا بىر تالدىن نەشپۈت قېقى، ئايغىرلارغا ئالما قېقى بەرگەنىكەن، ھەممىسى ئۆز سىياقىغا ئايلىنىپتۇ. تاز خەزىنىلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنى قولىغا ئاپتۇ. تاز پادىشاھنى ئات باقار، قىزىنى دېدەكلىككە بەلگىلەپتۇ.

پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ قىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەت ئۇلار ئاتقا ئايلانغان چاغدىكى ناشايان ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپتۇ. تاز شاھ بولۇپ، بىر تازنى ۋەزىرلىككە، يەنە بىر تازنى خەزىنە باشقۇرۇشقا قويۇپتۇ. تاز گۈزەللەر سارىيغا بەرنا قىزلارنى يىغىپ، 40 قىزنى نىكاھىغا ئاپتۇ. پادىشاھلىقنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، يۇرتنى ئاۋاتلىقتا، خەلقنى باياشادلىقتا يۈزلەندۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ياقۇپ مەخلۇك
توپلىغۇچى: مەتمىن قۇربان

# ئاتۇش ھەققىدە رىۋايەت

ئاتۇش ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى تاغلىرى سانجاق-سانجاق ئارچا، قارىغايلار بىلەن تولغان، ئېقىن-ئېقىنلاردا زۇمرەتتەك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان، خەلقى ئىناق، ئەمگەكچان، مۇنبەت، يۇرت ئىكەن. بۇ گۈزەل دىيارنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە پاراسەتلىك بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىكەن. بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كېچىسى ئۆز يۇرتىنى ياۋدىن ساقلاش ئۈچۈن قىلىچ، گۈرزە قاتارلىق قوراللارنى ياسايدىكەن، كۈندۈزى تاغلارغا چىقىپ تاماشا قىلغاچ ئوۋ ئوۋلايدىكەن.

بۇ ئەلنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان مەغرىپ دىيارىدىكى بىر زالىم پادىشاھ ھەسەتتىن قىلدەك تولغىنىپتۇ، بۇ زالىم پادىشاھ نۇرغۇن ئەللەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالغانىكەن ۋە قارشىلىق قىلغانلارنىڭ يۇرت-ماكانىغا ئوت قويۇپ، خانىۋەيران قىلىدىكەن. بۇ زالىم مەشرىق دىيارىدىكى بۇ گۈزەل ئەلنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن نەچچە يۈز تۈمەن لەشكەر باشلاپ كەپتۇ. بۇ دىيارنىڭ پادىشاھى ئادىل ھەم باھادىر ئىكەن. خەلق پادىشاھنى باش قىلىپ جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. ئاخىرى تاجاۋۇزچى شاھ يېڭەلمەپتۇ. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن پادىشاھ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي ئامال ئىزلەپتۇ. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە تېگى يوق، ئاتلىق ماڭسا بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا ئۈچ ئايدا ئاران بارغۇدەك ناھايىتى چوڭ بىر كۆل بار ئىكەن. زالىم پادىشاھ كۆلدىكى سۇ بىلەن بۇ زېمىننى غەرق قىلىۋېتىش خىيالىغا كەپتۇ. پادىشاھ نەچچە تۈمەن لەشكەرنى ۋە' شۇ يەردىكى خەلقنى مەجبۇرى ھاشارغا تۇتۇپ توغاننى بۇزدۇرۇپتۇ. ئاخىرى توغان بۇزۇلۇپ ھەيۋەتلىك كەلكۈن بۇ ئەلگە باستۇرۇپ كەپتۇ. بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سۇ ئىچىدە ھەر بىر تۈپ گىياھ، ھەر بىر تۈپ دەرەخ ئۈچۈن ئېلىشىپتۇ، بىراق ھالسىزلىنىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈپ خاسىيەتلىك قېرى ئارچا دەرىخى بار ئىكەن. ئۇ ھەممە ئارچىلارنىڭ ئانىسى ئىكەن. كەلكۈن ئۇنى قومۇرۇپ، ئېقىتىپ مېڭىپتۇ. ھېلىقى بوۋاي بولسا خاسىيەتلىك ئارچا دەرىخىنى «ئارچا تۇر ...ئارچا تۇر ...» دەپ توۋلاپ، سۇ ئىچىدە قوغلاپ كېلىۋېرىپتۇ ۋە ئاخىرى ھالىدىن كېتىپ جان ئۈزۈپتۇ. ئاخىرى كەلكۈن توختاپتۇ. بوۋاينى ئىزدەپ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن ئوغۇللىرى بوۋاينى شۇ يەرگە دەپنە قىپتۇ. ئوغۇللار دادىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ يەرگە «ئارچاتۇر» دەپ نام قويۇپتۇ. توققۇز ئوغۇل ئۆز ماكانىغا قايتىپ بارسا، نە بىر تال گىياھ .. ھېچنېمە قالماپتۇ. ئوغۇللار يىغلاپ-قاقشاپ. خاسىيەتلىك ئارچا دەرىخىنىڭ ئورنىدىكى تاغ باغرىغا ھەر بىرى بىردىن ئۆڭكۈر قېزىپ ئىبادەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئوغۇللار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ يەر توققۇز ھۇجرا دەپ ئاتىلىپتۇ.

بوۋاي جان ئۈزگەن يەر — «ئارچا تۇر» زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىسقىراپ «ئار-تۇچ» دەپ ئاتىلىپتۇ. بىر نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن بۈگۈنكى «ئاتۇش» قا ئۆزگىرىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **كىچىك ھاجىم**

توپلىغۇچى: **ئېلى ئەمەت**

# مەۋلانا لۇتفى

ناۋايىنىڭ ئۇستازى، مەشھۇر شائىر، مۇزىكشۇناس مەۋلانا لۇتفىنىڭ تارىخىي شەخسىيىتى ھەققىدە ھازىرغىچە تېخى ئېنىق مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ شاگىرتى ھەزرىتى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، لۇتفى ھىرات يېنىدىكى بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ، 99 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، شۇ جايدا ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم. X IX ئەسىردە ئۆتكەن تارىخچى ۋە مۇزىكشۇناس موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە: «بۇ ئەزىز مۇشۇ موغۇلىستاندىن ① ئىدى. ئۇ ئالىملىقتا ھەزرىتى ئەبۇ نەسىر فارابىدەك، ھېكىملىقتا ھەزرىتى ئىبنىسىنادەك، شائىرلىقتا ھەزرىتى ئەمىر نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋايىدەك، نەغمىچىلىكتە قىدىرخاندەك ئىدى. بۇ ئەزىز بىلمەيدىغان ئىلىم يوق ئىدى. زامانىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا 500 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە قارى تەربىيىلىنىپ چىقتى. 200 چە كىشى مۇزىكا ئىلمىدە كامالەت تېپىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ 20 دىن ئارتۇق كىتاب يازدى» ② دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا ئۇ ئەسلى موغۇلىستانلىق (شىنجاڭلىق) بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھىراتقا بارغان بولۇشى مۇمكىن.

دېمەك لۇتفى ھىجرىيە 878-يىلى (مىلادى 1465-يىلى) 99 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنداقتا ئۇ ھىجرىيە 779-يىلى (مىلادى 1366-يىلى) تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

لۇتفىنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق مەشھۇر لىرىك داستانى (1411-يىلى يېزىلغان بولۇپ، 120 باب، 2400 مىسرا) ۋە 280 غەزەل، 2 قەسىدە، 18 قىتئەدىن تەركىب تاپقان «دىۋان لۇتفى» ناملىق شېئىر توپلامى بار. يەنە ئۇ 15-ئەسىردىكى تارىخچى شەرىفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن تۈركچىگە (ئۇيغۇرچىگە) تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم. يەكەن ھۆكۈمدارى تاجى مۇھەممەت بەگنىڭ مەلۇماتىغا

---

①موغۇلىستان ــ ئەسلىدە شەرقتە قارا شەھەر، غەربتە ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە شەھىرىنىڭ غەربى، شىمالدا كۆكچى دېڭىز (بالقاش كۆلى)، جەنۇبتا قارا قورۇمغىچە بولغان ھەم شىمالىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ (ماۋەرائۇننەھر) قاتارلىق رايونلار تارىختا «موغۇلىستان» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ موغۇللار (چاغاتاي ئەۋلادلىرى) ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايون دېگەنلىك بولىدۇ.

②مۆجىزى «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982-يىل، 64-بەت.

قارىغاندا لۇتفىنىڭ يەنە «مەئنۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر شەرھىسى) ناملىق يەنە بىر داستانى بولۇپ، 1892-يىلى «دەخلولجان ئەبىۋا بولجاسان» دېگەن نام بىلەن نەشرگە تەييارلىنىپ شەرھلەپ چىقىلغان، لېكىن بۇ داستان زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن.

ئۇنىڭ يەنە «لۇتفى تۇيۇقلىرى» ناملىق بىر توپلىمى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ھازىرغىچە ئىستامبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

لۇتفى شېئىرلىرى يالغۇز ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىسلام - تۈرك مەدەنىيەت تارىخىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدىلا «شېئىرىيەت پادىشاھى» دەپ نام ئالغان. تارىخچى خاندەمىر XVI ئەسىردە يازغان «مەكارىمول ئەخلاق» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىقى، گۈزەل ئەسەرلىرى بىلەن دۇنيادا بىردىنبىر سانالغان لۇتفى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، تۈركىي تىلدا بىرەر كىشى ئۇنىڭدىن ياخشىراق شېئىر ئېيتالمىغان» دەپ لۇتفىغا يۇكسەك باھا بەرگەن ئىدى.

لۇتفى ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر سۆز سەنئەتكارى ئىدى. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئېيتىشىچە، تۈركىگويلىقتا ئۇنىڭ شۆھرىتى ئىراققا قەدەر كەڭ يېيىلغان بولۇپ، پارسىگويلىقتا ئەينى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ پارس شائىرلىرىغا تەڭلەشەلەيدىغان سۆز ئۇستىسىدۇر. لۇتفى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىستىداتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەلىشىر ناۋائىيغا ھەقىقەتەن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

شۇڭلاشقا ناۋائىي ئۆزىنىڭ «مەجالىسون نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە لۇتفىنى 2-مەجلىسكە كىرگۈزۈپ، «مەلىكۇل كەلام» (سۆز پادىشاھى) دەپ ئاتىغان ئىدى. ناۋائىينىڭ يەنە ئۇنى سەككاكى بىلەن بىرگە قوشۇپ «ئۇيغۇر ئىبارەتنىڭ قوسھاسىدىن ۋە تۈرك ئەلفازىنىڭ بولغاسىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى رەھمەتۇللا ئىم ھەر بىرىنىڭ شېرىن ئەبياتى ئىشتەھارى تۈركىستاندا بىغايەت ۋە بىرىنىڭ لەتىف غەزەلىياتى ئىنتىشارى ئىراق ۋە خۇراساندا بىنە ھايەتەۋر...» (ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ئۇستىلىرىدىن تۈرك تىلىنىڭ ماھىرلىرىدىن ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفىدۇركى، ھەر بىرىنىڭ تاتلىق شېئىرلىرى شۆھرىتى تۈركىستاندا چەكسىز شۆھرەت قازاندى ۋە ھەر بىرىنىڭ يېقىملىق گۈزەل غەزەللىرى ئىراق ۋە خۇراساندا ئۈزۈلمەي تارقالماقتا...» دەپ تەرىپلىشىمۇ لۇتفىنىڭ ناۋائىيغا بەرگەن تەسىرىنىڭ ئىنتايىن چوڭلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ. ناۋائىي ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغاتەيىن» ئەسىرىدە ئۇستازى لۇتفىنى ئۇلۇغ پارس شائىرلىرىدىن سەئدى ۋە ھاپىز شىرازىلار بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ تىلغا ئالغان ئىدى.

لۇتفىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدىكى كۆپلىگەن ماتېرىياللاردا ئۇ يالغۇز يېتۈك شائىر بولۇپلا قالماستىن، ئەتراپلىق يېتىلگەن ئالىم ۋە مۇزىكشۇناس ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرىدىن باشقا مۇزىكا ساھەسىدىكى ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە كونكرېت مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداق بولسىمۇ، ناۋائىينىڭ لۇتفى توغرىسىدىكى

سۈپەتلىرىدە، ئەڭ مۇھىمى «تارىخى رەشىدى»، «تەۋارىخى رەۋزەتۇسسەفا»، «تەۋارىخى ئەجەم»، «تەۋارىخى تەبرى»، «تەۋارىخى ھوكۇما»، «تەۋارىخى ئەرەب» قاتارلىق ئۆز دەۋرىنىڭ نوپۇزلۇق يىرىك ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغان مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى موسىقيۇن» رىسالىسىدىكى بايانلىرىدا لۇتفىنىڭ مەشھۇر مۇزىكشۇناس ئىكەنلىكىنى، مۇزىكا ئىلمىدە 200 چە شاگىرت تەربىيىلىگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇنىڭ «پەنجگاھ» مۇقامىدىكى شېئىر تېكىستلىرى يۇقىرىقى پىكىرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

لۇتفى زامانىسىدا ھېرات بىر مەزگىل شائىر ۋە مۇزىكشۇناسلار توپلانغان مەكتەپكە ئايلانغان. بۇ مەكتەپتە پوئېزىيە بىلەن مۇزىكا بىر-بىرىگە زىچ باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا جەم بولغان ئاشۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرى يەنە بىر تەرەپتىن مۇزىكا ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئەنە شۇ ئالىملارنىڭ بېشىدا ئۇستاز لۇتفىمۇ بار ئىدى. لۇتفى ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يۈكسەك پەللىگە كۆتەرگەن ئەلىشىر ناۋايىنىڭ پۈتكۈل سەنئەت ساھەسىدە ئەنە شۇنداق ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازىنىشىدا (جۈملىدىن مۇزىكشۇناسلىقتا) لۇتفىنىڭ ئۇستاز بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. شۇڭلاشقا «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ 15-ئەسىردىكى تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان ئاتاقلىق مۇزىكا ئالىملىرى قاتارىدا مەۋلانە لۇتفىنىمۇ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

رەتلىگۈچى: ئا. راخمان

## زىلۋا سەنەم

ئاتتىنى توقۇغىلار
كېلىپ بۇ يەرگە.
مىنىپ چاپايلى
تۆۋەن خوتەنگە.

تۆۋەن خوتەننى
نىشانە قىلدۇق.
سەكسەن تۆگىنى
قاتارە قىلدۇق.

قاتارە قىلغان
سېنىڭ تۆگەڭدۇر.
مەستانە قىلغان
شېرىن سۆزۈڭدۇر.

دەردىڭدە تاغلار
قوندى مۇرەمگە.
ئەرزىمنى ئېيتاي
زىلۋا سەنەمگە.

زىلۋا سەنەمنى
ھېچ كىشى بىلمەس.
سوراپ كۆرۈڭلار،
ھالىمغا يەتمەس.

بولسا قاناتىم،
يەتسەم خوتەنگە.
ئەرزىمنى ئېيتسام،
زىلۋا سەنەمگە.

بىر دانە ئەردىم،
مىڭ دانە بولدۇم.
پىنھانە ئەردىم،
ئاشكارە بولدۇم.

سەمەرخان ساي بېشى،
سايىنىڭ بۇلاقى.
ئەجەپ دىشۋار ئىكەن
يولنىڭ يىراقى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: پازىل ئەتنىياز
توپلىغۇچى: بەكرى ئىسمايىل

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتلەر 4-قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

1994-يىل 26-مارت كۈنى شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەتلەر 4-قېتىملىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىن بىر كۈن داۋاملاشتى. يىغىننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: 1. خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 1992-، 1993-يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈش. 2. خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 1994-يىللىق خىزمەت پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش. 3. يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش.

يىغىنغا ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دائىمىي ھەيئەتلەردىن ئابلىمىت سادىق، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، لىيۇ فاجۈن، جاڭ يۇنلۇڭ، جاۋشىجې، لى جىڭيا، جۇمان ئەبىش، نۇرازىنباي ئىنگەۋباي، ئامۇردالا، جامىسۇ، ماجۇنمىن، ھەسەنباي، جۇگلۇ، ۋاڭ باۋلار، خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن ئىبراھىم مۇتىئى، يۈسۈپ ماماي، مۇھەممەت رېھىم قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىندا شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ 1992-، 1993-يىللىق خىزمەتلىرىدىن خۇلاسە بېرىلدى. ھەمدە جەمئىيەتنىڭ 1994-يىللىق خىزمەت پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يىغىن قاتناشچىلىرى خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەن ئىككى يىللىق خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ھەمدە ئىقتىساد يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن پىلاندىكى بىر قىسىم خىزمەتلەرنىڭ ئاقساپ قالغانلىقىنى، شۇڭا تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، مۇناسىۋەتلىك جەمئىيەتلەرنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مەخسۇس خىراجەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشۈرۈپ بېرىشىنى، مەخسۇس خىراجەتنى مەخسۇس ئىشلىتىشنى ئۈمىد قىلدى. جەمئىيەتنىڭ 1994-يىللىق خىزمەت پىلانىغا نىسبەتەن، ئىككى ژۇرنالنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە خەلقئارالىق ئىلمىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش، ئۈچ چوڭ ئېپوسنى رەتلەش، نەشر قىلىش، شىنجاڭ فولكلور جەمئىيىتىنى 1994-يىلى قۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش خىزمىتىنى 1994-يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن ئاخىرىدا 55 نەپەر يولداش شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى.

# 美拉斯

1994 年第三期　　（季刊）

（总第 33 期）　　每季中月 20 日出版发行


## 主要目录　　Main Contents


不朽的青春 …………………………………………… 采录者：依米提·苏培
Outstanding youth …………………………………… Collector: Imit supi (1)
黄羊王后 …………………………………………… 采录者：亚生·孜拉力
Gazelle empress …………………………………… Collector: Yasin ZiLal (38)
扎克玛依达尼 ……………………… 采录者：阿·热合曼，哈·斯玛义
Zakmaidan ………………………… Collector: A · Rahman, K · Ismayil (66)
秃子穆奴库姆 ………………………………… 采录者：买买提明·库尔班
Baldhead Munukum ……………………… Collector: Maimitimin · Kurban (79)
歌谣几组 …………………………………………… 采录者：米·热西丁等
Folk Songs ………………………………………… Collector: M · Raxidin (8)
塔塔尔族谚语 ………………………………………………… 采录者：玛力克
Proverbs of Tatar ………………………………………… Collector: Malik (68)
鸽子与乌鸦的传说 …………………………………… 采录者：艾山·沙力
Legend of pigeon omd Crow ………………………… Collector: Esen · Sali (7)
阿拉屯山的传说…………………………………… 采录者：阿不都热提
The legend of mauntain Alatun ……………………… Collector: Abdurixit (36)
笑　话 …………………………………………… 采录者：肉孜·沙衣提
Jokes ……………………………………………… Collector: Rozi · Sayit (10)
伊犁麦西莱甫浅谈 ………………………………… 米克丽阿依·阿布迪力木
Something about Ili Maxirap ……………………………… Mikeraj · Abdulim (15)
维吾尔古典音乐艺术的远古经济—文化渊源与族体渊源………………… 李雍
Fountainhead economic and culture remote antiquity of Uigur classical Music
……………………………………………………………………… Li yong (69)
我们与世界民俗学 ………………………………… 阿不都克里木·热合曼
We and World Folklore ……………………………… Abdukirim · Rahman (55)

## ئۇيغۇر نەقشلرى







(ئابلەت مەخسۇت ئشلگەن)

مىراس

1994-يىل 3-سان (ئومۇمىي 33-سان)

Heritaga Uigur Folk Leterature (Quarterly) 美拉斯 (维吾尔文)

« مىراس » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئىتتىپاق يولى 8-قورۇ. تېلېفون: 266174. پوچتا نومۇرى: 830001. « كۆكنۇر » ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ش ئۇ ئا ر سۇ ئىشلىرى نازارىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65—1130/1. خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1004—3829. ۋەكالەت نومۇرى: 60—58. باھاسى: 2.00 يۈەن

编辑：《美拉斯》编辑部 出版：新疆维吾尔自治区维吾尔十二木卡姆研究学会、新疆维吾尔自治区民间文艺家协会（乌市团结路8号）电话：266174 排版：«克科努尔»电子排版中心。印刷：新疆维吾尔自治区水利厅印刷厂 发行：乌鲁木齐市邮局 订阅：全国各地邮局。国内统一刊号：CN65—1130/1 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮编：830001 刊号58—60 定价：2.00元